

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# بالىلىقتا سوئال كۆپ



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# بالىلىقتا سوئال كۆپ

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ


# بالىلىقتا سوئال كۆپ

ئاپتورى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفاڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.875
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978－7 － 5371 － 5470 －3
باھاسى: 10.00 يۈەن



بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇقەددىمە

بۈگۈنكى چوڭ داغدۇغىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە مەكتەپ-
نىڭ ئىچى ئاخشام ۋە بۈگۈن ئەتىگەن سۈپۈرۈلۈپ، سۇ
سېپىلدى. ھەتتا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئاسفالت يولمۇ سۈپۈ-
رۈلۈپ قويۇق سۇ چېچىلدى. ئەتىگەندىلا ئوقۇغۇچىلار ئو-
رۇندۇقلىرىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، رەتلىك تىزىلىپ
ئولتۇرۇشۇپ كېلىدىغان مېھماننى ساقلاۋاتاتتى. رەتلىك
كىيىنگەن بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى يىغىن سەھنىسىنى راسلاش
بىلەن ئالدىراش ئىدى.

كۈتكەن مېھمان ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئاددىي، ئەمما
يارىشىملىق كىيىنگەن ياش بىر يىگىت مەكتەپ دەرۋازىسى
ئالدىدا توختىغان ئېسىل پىكاپتىن چۈشۈپ، مەيدانغا قاراپ
كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن مەكتەپ مۇدىرى باشلىق
بىر نەچچە كىشى ئالدىراپ يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى ۋە قىز-
غىن كۆرۈشتى. ئۇ يىگىت يىغىن سەھنىسىگە ماڭغاچ ئۆزىگە
قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قا-
راپ يېنىك كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى ۋە: «بەلكىم سىلەر
بىز شۇنچە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالماقچى بولغان بۇ ئادەم نېمە
ئادەمدۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر. ئۇكىلىرىم، مەنمۇ سىلەرگە
ئوخشاشلا مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، گەرچە بۇ مەك-
تەپتە ئاخىرىغىچە ئوقۇيالمىغان بولساممۇ» دېگەنلەرنى ئوي-

لىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەزىز مېھماننىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك، بۇ يىگىتكە تېخىمۇ قىزىقتى.

يىغىن باشلاندى. يىغىن رىياسەتچىسى نېمە ئىشلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ سەھنىگە جىمىدە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتى بويىچە تەرتىپكە ئۈندىگەندىن كېيىن تەنتەنىلىك جاكارلىدى:

— ساۋاقداشلار، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئىلھام ئەپەندىنىڭ مەكتىپىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالايلى!

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن چاۋاكلىرى مەيداندا ئۆزاققىچە ياڭرىدى. رىياسەتچى بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاۋازىنى تېخىمۇ جاراڭلىق چىقىرىپ ئېلان قىلدى:

— مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئىلھام ئەپەندى ئۆزىنىڭ مائارىپنى قوللاش، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى نامايان قىلىپ، مەكتىپىمىزگە 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلماقچى. قېنى، ئۇنىڭ بۇ ئېسىل روھىغا تەشەككۈر بىلدۈرەيلى!!

يەنە ئۇزۇنغىچە چاۋاك ياڭرىدى...

يىغىن ئۆز تەرتىپلىرى بويىچە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەكتەپ ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئاددىي زىياپەت بەرمەكچى بولدى. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن خوجىلىق بۆلۈم مۇدىرى زىياپەتكە قايسى ئوقۇتقۇچىلارنى قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا باش قوشۇۋاتقاندا، ئىلھام ئەپەندى ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى:

— مۇدىر، مېنىڭ كىچىككىنە بىر تەلىپىم بار ئىدى.

— نېمە تەلەپ؟ — دېدى مەكتەپ مۇدىرى جىددىيلىشىپ.

— نېمىلا تەلەپ بولسا دەۋېرىڭ، — دېدى خوجۇلۇق بۆلۈم مۇدىرى قىزغىنلىق بىلەن.

— تەييارلىقىڭلار پۈتكىچە مەكتەپ ئىچىنى ئۆزۈم يال-غۇز ئايلىنىپ چىقاي دېگەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەكتەپ مۇدىرى:

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ.

— نېمە لازىم بولسا هايت دەڭ، — دېدى خوجۇلۇق بۆلۈم مۇدىرى.

ئىلهام ئەپــەندى بېشىنى لىڭشىتــىپ قويــۇپ سىرتقا ماڭدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىغا كەلدى. بۇ-رۇنقى بىر قەۋەتلىك كېسەل تاملىق سىنىپلارنىڭ ئورنىغا خىشتىن ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنغان، مەي-دانىنىڭ ۋاسكىتبول ئوينايدىغان قىسمىغا سېمونت يېيىتىل-غان، گارلارمۇ زامانغا لايىق سەپلەنگەن ئىدى. ئۇ بۇلاردىن مەمنۇن بولۇپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقىغا ئۆتتى.

ئىلهام ئەپەندى ئۇ يەردىكى قېرى ئۈژمە دەرىخىنى كۆ-رۈپ، يۈرىكى ئاجايىپ ئىللىق هېسقا تولدى. ئاھ، بۇ دەرەخلەر قانداق مېهرىلىك - هە؟ مانا مۇشۇ ئۈژمىلەر ئۇلارنى چوڭ قىلغان. ئۇلار مۇشۇ ئۈژمىلەرگە يامىشىپ يۈرۈپ تەبىئەت بالدۇر ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ئېغىز تەگ-كەن، بالىلىقىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى، بالىلىقتىكى نوچى-لىقلىرىنى مۇشۇ ئۈژمىلەرگە خاتىرە قىلىپ قالدۇرغان. يەنە ئىلهام ئەپەندى سىنىپتىن قاچقاندا، قوغلانغاندا مۇشۇ ئۈژمىلەرنىڭ يېنىدا سەبىي يېشىنى تۆككەن، بەزى مۇئەل-لىملەردىن قېچىپ مۇشۇ ئۈژمىلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋال-

غان. ئاھ، باللىق دەۋر...

ئىلھام ئەپەندى ئۆزمە كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باللىقتىكى ئاۋازلىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك جىمجىتلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن قول كۆتۈرۈشلىرىنى، دادىلىق بىلەن دوسكىغا چىقىشلىرىنى، ئۆچ - ئاداۋەتتىن خالىي بولغان كەپسىزلىكلىرىنى، شۇ تۇپەيلى ئىشىك تۇۋىدە تۇرغۇزۇلۇپ دۇشكەلەنگەنلىرىنى، ئۆزىنى چىرايلىقچە ئوقۇغۇچىلىق يولىغا سالغان تەبەسسۇم ئىللىق چىرايلارنى ئەسلەشكە تىرىشىپ ئاستا - ئاستا خىيالغا كەتتى.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم     ساۋاقداشلار، باغقا بارايلى ......... 1

ئىككىنچى قىسىم     جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار ........... 35

ئۈچىنچى قىسىم     بالام، ئالدىڭغا قارا ............. 113

# بىرىنچى قىسىم ساۋاقداشلار، باغقا بارايلى

## 1. كەپسىز ئىلھام

تاقىر، ئەمما ھەيۋەتلىك تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ مەك-تەپنىڭ ئۆيلىرى كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، يېشىللىققا تولغان قورۇسى بىلەن يېقىملىق كۆرۈنەتتى. مەكتەپ قورۇ-سىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى كىچىك ئېرىق بويلىرىدىكى قارىيا-غاچ، ئۈژمە دەرەخلىرى باراقسانلىشىپ، ئەزەلدىن يېشىل-لىققا ھەمدەم بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

ئېرىق بويىدىكى قارىياغاچ سايىسىگە ئوقۇغۇچىلارنى رەتلىك ئولتۇرغۇزۇۋالغان مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچى-لارغا ناخشا ئۆگىتىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆچەپ چېلىۋاتقان، لېكىن ئاھاڭىنى تولۇق چىقىرالمايۋات-قان ئاككوردىيونغا ئەگىشىپ، ھەر سائەتلىك مۇزىكا دەرسى-دە ئۆگىنىپ كېلىۋاتقان باللار ناخشىسىنى زوق - شوق بىلەن ئېيتماقتا ئىدى:

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
بال ھەرىدەك گۈلزارلىققا
تەكشى تارايلى.

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
كىتاب ئوقۇپ كەچ كىرگەننى
تۇيماي قالايلى.

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
ئىلىم - پەندىن شىرنە يىغىپ،
خۇشال يايرايلى.

دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپلاردىكى دېرىزە تۈۋىدىكى كەپسىزرەك باللار بولسا ھەدەپ ئۇلارغا بويۇن سوزۇپ قارايتتى.

بۇنىڭدىن جىلى بولغان غاپپار مۇئەللىم ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. ئاندىن بىر ياقتىن چىڭقىلىپ سۆزلەپ، يەنە بىر ياقتىن دوسكىغا سانلارنى يېزىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. باللار ئۇ ھەر قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇپ: «بىلدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاندىكى چىرايىغا قاراپ ئەندىكىشىپ بوش ئاۋازدا: «بىلدۇق» دەپ ئولتۇرۇشاتتى.

بۇ چاغدا ئوتتۇرا رەتتە ئولتۇرغان، باشقا باللارغا قارىغاندا بويى خېلىلا ئېگىز كۆرۈندىغان نىياز يېنىدىكى بالىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاخشام تېلېۋىزور كۆردۈڭمۇ؟

ئۇ بالا بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— قارا، — دېدى نىياز ئۇنىڭ قۇلىقىغا تىخمۇ يېقىن

سۇرۇلۇپ، — ئاخشام تېلېۋىزوردا «پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋى» دېگەن كىنونى قويدى. ئۇنىڭدا بىر سارالڭ بار ئىكەن. شۇنداق بىچارە... «شەپقەت قىلايلى» دېگەن گېپى ئەجەبمۇ قىزىقكەن... ئۆزى شۇنداق ئاجىز تۇرۇپ باشقىلار ئازراقلا بوزەك قىلىنسا «شەپقەت قىلايلى» دەپ تۇرۇۋالىدىكەن...

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى فرانسىيە يازغۇچىسى هىيۇگونىڭ «پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋى» ناملىق رومانىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن هېكايە فىلىم ئىدى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كەينىگە بۇرۇلغان غاپپار مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— هەي نىياز، يەنە سەن پاراڭ قىلىسەنغۇ؟!

نىياز ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

— مۇئەللىم، مەن ئەمەس.

بۇنى ئاڭلىغان غاپپار مۇئەللىم قولىدىكى بورنى ئۈستەلگە زەردە بىلەن ئېتىپ نىيازنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— نېمە؟ قاراپ تۇرۇپ يەنە مەن ئەمەس دەيسەنغۇ؟

— راست، مەن ئەمەس...

غاپپار مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقىنىنى؟ قوپە!

نىياز ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— پارتىنىڭ ئۈستىگە چىقە!

مۇئەللىم ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇۋېدى، ئىلهام، غاپپار مۇئەللىمگە قاراپ ئېهتىيات بىلەن دېدى:

— شەپقەت قىلايلى، شەپقەت قىلايلى!
سىنىپ ئىچىدە «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
غاپپار مۇئەللىمنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتى - دە، ئىل-
ھامغا چەكچىيىپ قاراپ:
— ئىت - مۇشۇكلىرىڭگە شەپقەت قىل، ھۇ، دۆت!
خۇددى شۇندىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىلھام ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى:
— مۇئەللىم، نېمىشقا مېنى تىللايسىز؟
غاپپار مۇئەللىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە قاتتىق نوقۇدى:
— ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن! يوقال، ھۇ
قاپاق باش!
— كەتسەم كەتتىم!
ئىلھام شۇنداق دەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.
ئاچچىقى تېخىچىلا بېسىلمايۋاتقان غاپپار مۇئەللىم ئىش-
خانىغا كىرىپلا قولىدىكى ماتېرىياللىرىنى ئۈستەلگە تاشلى-
دى. باشقىلار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— ھېلىقى كالۋانى ئازراق ئۇچۇقلاپ قويسام ئۆيىگە
كەتتى. ئەجەب بوينى قاتتىق نېمىكەن ئۇ.
بىر مۇئەللىم ھەيران بولۇپ سورىدى:
— قايسى؟
— قايسى بولماقچىدى؟ ھېلىقى بىرىنچى سىنىپتا ھا-
زىرغىچە ئوقۇۋاتقان «سىنىپىمنىڭ ۋاپادارى» ئىلھام، —
دېدى غاپپار مۇئەللىم قايتىدىن زەردىسى قايناپ.
— ئوقۇشتىن بەزگەن باللار قەستەن شۇنداق جېدەل
چىقىرىدۇ. بەرىبىر بويىنىدىن باغلىغان بويناق ئوۋغا يارىماي-
دۇ، — دېدى يەنە بىر مۇئەللىم.

— ئۈنداق دەپ كەتمەڭ.
— «بالا — قىلغان ئىشى چالا» دەپ بىكارغا دېمىگەن. ئۆلارنى يارامىلىق قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، — دېدى ياشاندغانراق بىر ئايال مۇئەللىم.
شۇ چاغدا ئىشىكتە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بېشى كۆرۈندى:
— چوڭ ئىشخانىدا جىددىي يىغىن بار.

## 2. بالىلار ئوقۇسۇن

يىغىندا مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپكە كەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ يەنە ئەللىككە يېتىپ قالغانلىقىنى سانلىق مەلۇماتلارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئېچىلغان يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى:
— ھازىر ئوقۇشتىن قېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە، مۇھىمنىڭ مۇھىمى. شۇڭا ھەرقانداق باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ بالىنى سىنىپتىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، كىمكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىكەن، بارلىق مەسئۇلىيەتكە شۇ مەسئۇل بولىدۇ.
يىغىندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئائىلە سۆھبىتىگە مېڭىشتى.
بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ سۆھبەتكە ماڭغان غاپپار مۇئەللىم ئىلھاملارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ھەمراھلىرىغا:
— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن دېسەم، يەنە بۇ بالىنىڭ يېنىغا كىرمەي بولمىغۇدەك...، —

دېدى.

غاپپار مۇئەللىم قورۇغا كىرگەندە ئىلھام يوق، ئاتىسى ئابلا ئاكا بىر قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىۋاتاتتى. غاپپار مۇئەللىم كۇلۇشكە تىرىشىپ ئەھۋاللاشتى ۋە ھويلىغا، ئۆيگە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ئىلھام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— قوي باققىلى كەتكەن، — دېدى ئابلا ئاكا قولىنى ئىشتىن بوشىتىپ.

غاپپار مۇئەللىم بىر ئاز تۇرۇۋېتىپ تەمكىن سۆزلەشكە تىرىشتى ۋە چىرايىغا كۇلكە يۇگۇرتتى:

— قارىسىلا ئابلا ئاكا، ئادەم چارچاپ تۇرغاننىڭ ئۇستىگە بالىدىلار كەپسىزلىك قىلىپ سەل نېرۋامنى ئۆرلىتىپ... ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىلىمدىن باشقا تالىشىدىغان نېمە بار دەيدىلا؟

— شۇ ئۇكام. بالامنىغۇ ئوبدان بىلىمەن. ئوقۇتماي دېسەم تېخى... مۇئەللىملەرگە جاپا بولىدىغان بولدى، — دېدى ئابلا ئاكا تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاكا. بىزدىن كەتكەن تەرەپلەر بولسا كەچۇرسىلە. ئىلھام مەكتەپكە بارسۇن. چوڭ بولغاندا كەتمەن چېپىپ شىللىسىگە توپا چاچىدىغان ئادەم بولۇپ قالمىسۇن دەيمىزغۇ شۇ، — دېدى غاپپار مۇئەللىم سەل يېنىكلەپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابلا ئاكا خۇشال بولۇپ كەتتى:

— بەلەن گەپ قىلدىلا مۇئەللىم... مەن بالىنى ئەتىلا مەكتەپكە ئەۋەتىمەن. گۆشى سىلىنىڭ...

ئابلا ئاكا يەنە بىر مۇنچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كې-

يىن غاپپار مۇئەللىمنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
ئابلا ئاكا قىلىۋاتقان ئىشىنى يادىغا ئېلىپ ئەمدى كەي-
نىگە ياناي دېيىشىگە ئىشىك ئالدىدا گازىر چېقىپ ئولتۇرغان
ياسىن دېگەن قوشنىسى سوراپ قالدى:
— ئابلا ئاكا، ئەپەندىملەر يەنە بالا يىغقىلى كەپتىما؟
ئابلا ئاكا «ھەئە» گە بېشىنى لىڭشىتتى.
— نېمە دەپ يولغا سالدىلا؟ — دەپ سورىدى ياسىن.
ئابلا ئاكا بۇ گەپكە ھەيران بولدى:
— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ مۇئەللىملەر شۇنچە جاپا تارتىپ
ئوقۇتىمىز دەۋاتسا…
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئىشقا ياراپ قالغان بالىلار-
نى ئوقۇتىمىز دەپ… ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بالىلار شۇنچە
ئوقۇغان بىلەنمۇ يا كادىر بولالمىسا.
ئابلا ئاكا ياسىننىڭ ئالدىغا باردى.
— گەپلىرىچە، بالىنى…
— بالامنى مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ ئېتىز - ئېرىق
ئىشىغا سېلىۋىدىم، قولۇم خېلىلا بوشاپ قالدى، — دېدى
ياسىن كىيىمىدىكى گازىر شۆپۈكلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈپ
موخۇركا ئوراپ، — ئەمما ئەپەندىملەر ھە دېسە كېلىۋەردى.
«بالىنى مەكتەپكە بەرمىسلە بولمايدۇ» دەپ بېشىمنى ئاغرى-
تىپلا تۇرىدۇ. بۇرۇن بەرمەيمەن، دەپ تۇرۇۋېلىۋىدىم،
كەنت مۇدىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ قورقۇتتى، ئامالسىز بەر-
دىم. ئەپەندىملەر بىلەن ئېتىشقۇچە «ھە، ماقۇل» دەپلا
قۇتۇلىدىغان بولدۇم.
— بالىنى مەكتەپكە بەرمەيۋاتامدىلا؟ — ھەيران بولۇپ
سورىدى ئابلا ئاكا.

— مۇنداق قىلدىم، — دېدى ياسىن باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەپ، — ئۆيدە بالىنىڭ قۇلىقىنى چىڭ تولغىۋېتىپ ئۇلارغا: «ئوقۇيدۇ، نېمىشقا ئوقۇمىغۇدەك، ئەتىلا مەكتەپكە بارىدۇ» دەپ قويدۇم، ھەتتا بالامغا «نېمىشقا ئوقۇمايسەن؟» دەپ تىرىككەنمۇ بولدۇم. ئەمما ئەتىسى يەنە ئەۋەتمىدىم. ئەپەندىلەر بۇنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن مانا ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بىر ئامال تاپتىم: ئەپەندىلەر كەلسە بالامغا «مەكتەپتە ئەپەندىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلا» دەپ ئەپەندىلەرگە قوشۇپ قويىدىغان بولدۇم. لېكىن، بالا شۇ كۈنىلا بېرىپ ئەتىسى يەنە ئېتىمىزدا... قارىسىلا ئەپەندىلەر ھەر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كېلىۋەرسە بىزمۇ ئەقىللىق بولۇپ قالىدىكەنمىز. ئىلھامجاننى مەن دېگەندەك قىلسىلا، بالىلىرى قوينى مەھەللە بويىچە ئوبدان باقىدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى! — دېدى ئابلا ئاكا ئاچچىقى كېلىپ، — مۇئەللىملەرنىڭ شۇنچە قىلىۋاتقانلىرى بالىلىرىمىز ئۈچۈنغۇ! ئۇلار بىلەن شۇنچە قېرىشقۇدەك نېمە ئۆچلىرى بار؟ بالىلىرىمىز ئوقۇپ كادىر بولمىسىمۇ ئاق - قارىنى بىلگۈدەك بولۇپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ...

ياسىن ئاچچىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ تېگى بار گەپلەردىن ھودۇقۇپ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھال بىلەن غۇدۇرىدى:

— ئۇ چاغلار دېگەن...

ئەمما ئابلا ئاكا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

# 3. ياقۇپ مۇئەللىم

ئەتىسى غاپپار مۇئەللىم دوسكىغا ھېساب يېزىۋاتقاندا ئىشىك چېكىلدى.

غاپپار مۇئەللىم خەت يېزىشتىن توختىمايلا «ھە» دېدى.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئىلھام بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كىرىپ كەلدى. غاپپار مۇئەللىم ئۇنى كۆرۈپ سەل باشقىچە بولدى - يۇ، چاندۇرماي:

— ئولتۇر، — دېدى.

ئىلھام ئاستا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

غاپپار مۇئەللىم دوسكىغا ھېساب يېزىشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ چاغدا ئىلھام يەنە جايىدا جىم ئولتۇرالماي يېنىدىكى بالىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ «مە» دەپ قوينىڭ مەرىشىنى دورىدى. بۇنىڭدىن بالىلار كۇلۇشۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سىنىپنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن غاپپار مۇئەللىم كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە ئىلھام ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۆزىنى باسالماي: «ھەي قۇلاق كەستى» دەپ قولىدىكى بورنى ئۇنىڭغا ئاتتى. گەرچە ئىلھام بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالغان بولسىمۇ، بور كېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. پېشانىسىنى سىلاپ چىرايىنى تۇرگەن ئىلھام «پارتىلا» قىلىپ سىرتقا قاچتى.

ئىلمىي بۆلۈمدە ئىلمىي مۇدىر بىلەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ياقۇپ مۇئەللىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، غاپپار مۇئەللىم ئىشىكنى «جالاققىدە» ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

غاپپار مۇئەللىم كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ھېلىقى ئىلھام دېگەننى يا يۇقىرى سىنىپقا ئۆرلىتىۋېتىڭلار، يا مەكتەپ قاتتىقراق بىر تەدبىر قوللىنىپ ئۇنى تۈزەڭلار. مەن سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋەتىمەنمۇ ياكى ئۇنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈۋەتىمەنمۇ؟ نېمە گۇناھىمغا شۇنداق بىرنېمە مېنىڭ سىنىپىمغا كىرىپ قالغاندۇ؟

ئىلمىي مۇدىر كۈلۈپ تۇرۇپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە، ياقۇپ مۇئەللىم سوراپ قالدى:

— قايسى ئىلھام ئۇ؟

— قايسى ئىلھام بولماقچىدى؟ ھېلىقى مەكتەپتىن قاچىدىغان، يېرىم يىل كەلسە، يېرىم يىل يوق بىرىنچى سىنىپتا تەكرار ئوقۇغان ئىلھام، — دېدى غاپپار مۇئەللىم ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىپ.

— شۇ بالا توغرۇلۇق بەك كۆپ گەپ ئاڭلاپ كەتتىم، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم.

— ۋاي مۇئەللىم، ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى دەيدىغان بولسام...

غاپپار مۇئەللىم يەنە كونا گېپىنى تەكرارلاۋاتقاندا، ئىلمىي مۇدىر بالا تەربىيىسىدە مەسىلە كۆرۈلسە، ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىزدەپ بېقىش كېرەك، دەپ سۆزلەۋاتقاندا، ياقۇپ مۇئەللىم جىددىي ئويغا پاتقانىدى.

— شۇ بالىنى مېنىڭ سىنىپىمغا يۆتكەپ بېرىڭلار، مەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي، — دېدى بىر چاغدا ياقۇپ مۇئەللىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غاپپار مۇئەللىم تۇرۇپلا قالدى. ئىلمىي مۇدىر بولسا كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ياقۇپ مۇئەللىم ئالدى بىلەن شۇ سىنىپتىكى بىر بالا بىلەن سۆزلىشىپ ئىلھامنىڭ قويغا ئامراقلىقىنى، باشقا

ئىشلار خۇشياقمىغان بىلەن قوي ـ كالا باقىدىغانغا يۇگۇرەي. دىغانلىقىنى بىلدى ۋە دەسلەپتە كاللىسىدا بىر پىلان پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇل ئىلهاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئابلا ئاكا بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىلهام توغرۇلۇق ئەھۋاللاشتى.

ياقۇپ مۇئەللىمنى خېلى ئوبدان بىلىدىغان ئابلا ئاكا ئۇزۇن مۇڭداشتى ۋە:

— ئائىلىمىز باقمىچىلىق ئائىلىسى بولغاچقا ئىلهام كىچىكىدىنلا قوي ـ كالىلار بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولغان. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ئەڭ خۇش بولىدىغان ئىشى قوي ـ كالا بېقىش. ئەتىسى مەكتەپكە ماڭ، ئوتۇن تېرىپ كەل، ئۇزۇملەرگە قاراپ كەل دېسەڭ، ئىنجىقلاپ قويۇپ قوپقىلى ئۇنىمايدىغان ئادەم قوي ـ كالا باق دەيدىغان بولساق، ئورنىدىن يۇگۇرۇپ قوپىدۇ. مەكتەپكە بار دېسەك، مۇئەللىم تىللايدۇ، دەپ ئۇنىمايدۇ. قارىسىلا مۇئەللىم، ئۆزىنىڭ كەپسىزلىكىنى دېمەي، مۇئەللىملىرىدىن يامانلايدۇ...

ياقۇپ مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— غەم قىلمىسىلا، بالا تېخى كىچىك، ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دەپ خوشلىشىپ ماڭدى.

ياقۇپ مۇئەللىم قايتىپ كېلىۋاتقاندا قويلىرىنى يۇگۇرىتۇپ، قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقان ئىلهام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىلهام قولىدىكى توم چىۋىقنى ھەدەپ پۇلاڭلىتىپ قويلىرىنى يېنىك ـ يېنىك «ئەدەپلەيتتى»، چەتكە قاچقان قوينىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ بېرىپ قولىدىكى چىۋىقنى يەرگە ئۇرۇپ قويغا ھەيۋە قىلىپ، ئۇ قوينى توپقا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايتتى، پاقلانلارنى بولسا ياندىن نان پارچىسىنى چىقىرىپ چاقىرىپ ئالدىغا ئەكېلىۋالاتتى.

ئىلھام قويلىرىنى ھەيدەپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنى چاقىرىۋالدى.
— ئىلھام، قويلىرىڭ تويدىمۇ؟ — سورىدى ياقۇپ مۇئەللىم ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ. بارغانچە قىزىپ يۇگۇ-رۇپ كېتىۋاتقان ئىلھام چۆچۈپ توختىدى ۋە ياقۇپ مۇئەل-لىمنى كۆرۈپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.
— ھە، تويدى، — دېدى ئىلھام ئاستا، ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا دېدى، — تويۇپ ئىككى قوچقار تازا ئۇسۇشتى.
— سەن قايسى قويۇڭغا ئامراق؟ — سورىدى ياقۇپ مۇئەللىم قىزغىنلىق بىلەن.



— ئاۋۇ سېرىق قوزىغا، — دېدى ئىلھام ئۆزىدىن ئۆزاۋاتقان قوي توپىدىكى بىر قوزىنى كۆرسىتىپ، — ئۇ

قورقماي قولۇمدىكى ناننى يەيدۇ.

ئاندىن ئىلهام يەردىن بىر چالمىنى ئېلىپ چەتكە قاچقان بىر قوينىڭ ئالدىغا ئاتتى.

— سەن قورقــمامسەن؟ — سوردــدى ياقــۇپ مۇئەل-لىم يەنە.

— نېمىشقا قورقىمەن؟ ئۇ پاقلاننىڭ نان يېيىشى ئە-جەب قىزىق.

ئىلهام شۇنداق دەپ قويلىرنىڭ كەينىدىن ماڭماقچى بولدى.

— ئۇنداق بولسا ماڭمۇ بىر كۆرسىتىپ باقامسەن؟ — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم ئىلــهامــنىڭ دادىلــلىقىغا مەسلىكى كېلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىلهام ئىشەنمەيۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— بولىدۇ مۇئەللىم. ئەته بالدۇرراق كەلسىلە، — دەپ قويلىرنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

## 4. ئۆتكۈر بالا

مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىدىن چىقىپ مەكتەپنىڭ كەينى مەيدانىغا تىكىلگەن دەرەخلەرنى كۆرۈشكە ماڭغان ياقۇپ مۇ-ئەللىم ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئۈژمە دەرىخىنىڭ كەينىدە ماراپ تۇرغان ئىلهامنى كۆرۈپ توختىدى. ئىلهام ئۇنى كۆ-رۈپ قاچماقچى بولدى. ئەمما ياقۇپ مۇئەللىم چاقىرىپ ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ئىلهام، قوزاڭنى كۆرگىلى چۈشتىن كېيىن بارد-

مەن جۇمۇ،— دېدى ياقۇپ مۇئەللىم تەبىئىي هالدا خۇددى هېچنېمىنى سەزمىگەندەك.

بۇنىڭ بىلەن ئىلهام توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئاندىن ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى، مېهرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى ۋە:

— چاتاق يوق مۇئەللىم،— دېدى.

— هە، ۋاقىت توشۇپ كەتسىمۇ بۇ يەردە تۇرىسەنغۇ؟— دېدى ياقۇپ مۇئەللىم خۇددى ماڭماقچى بولغاندەك.

— كىرسەم يەنە ئالىيدۇ، — دېدى ئىلهام هېچبىر يوشۇرمايلا.

ئەمما، ياقۇپ مۇئەللىم بۇ گەپكە ئېرەنشىمىگەندەك:

— بىزنىڭ سىنىپتىكى باللار قولۇڭدىن نان يەيدىغان قوزاڭغا بەك قىزىقتى. ئۇلار ساڭا هەيران قاپتۇ. كىرىپ سۆزلەپ بېرەمسەن؟ — دېدى.

— ئۇلار قوزامنى كۆرىدىغان بولسا... ۋاھ... چاتاق يوق،— دېدى ئىلهام شوخ قىياپىتىگە يېنىپ.

—ئىلهام، سەن بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇمامسەن؟— دېدى ياقۇپ مۇئەللىم پەيتنى چىڭ تۇتۇپ.

ئىلهام تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئىلهام ئۇ گەپكە ئىشىنەلمەي يۈرگەنىدى، ئويلىمىغاندا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا سىنىپ ئالماشتى. ئەمما ئۇ سىنىپتىن سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، غاپپار مۇئەللىم مىيىقىدا كۈلگەندىلا، ئاندىن ئىشەندى.

ياقۇپ مۇئەللىم تۇنجى سائەتتىلا ئۆز پىلانى بويىچە ئىلهامغا بولغان «هۇجۇم»نى باشلىدى:

— ئىلهام، سېنىڭدىن بىر سوئالنى سوراپ باقاي...

مۇشۇ چاققىچە ئۆزىدىن تۇزۇك بىر سوئال سورىلىپ باقمىغان، غاپپار مۇئەللىم نەچچە ئايدىن بۇيان: «ئۆگەنمىسەڭ ئۆگەنمە، مەكتەپكە كېلىپ، سىنىپتا جىم ئولتۇرۇپ بەرسەڭلا بولدى» دېگەن تەلەپنى قويغاچقا، ئىلهام بۇ سوئالنى خۇددى ئۆزىدىن سورالمىغاندەكلا جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما، باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى، ياقۇپ مۇئەللىمنىڭمۇ كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىگە جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن ئىشەندى ۋە تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. بىراق، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

ياقۇپ مۇئەللىم ئاستا، سىلىق تەلەپپۇزدا سورىدى:

— ھە، ئىلهام دەپ باقە، نېمىنىڭ ئىسمىنىڭ بېشىغا «ق» كېلىدۇ؟

شۇندىلا ئىلهامنىڭ سەبىي، ئويناق، جۇشقۇن دىلىدا نۇر چاقنىدى: ئەنە ئوماق قوزىلار، سەمرىگەن قويلار، ئوبدان ئوتلاپ شوخلۇق قىلىشىپ ئۇسۇشۇۋاتقان قوچقارلار...

ئىلهام دەرھال جاۋاب بەردى:

— قوينىڭ، قوزىنىڭ...

ياقۇپ مۇئەللىم:

— ياخشى، بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرسىمىز «ق» ھەرپى ئىدى. مانا ئىلهام ئۆتىدىغان دەرسىمىزنىڭ يېرىمىنى بىلىپ بوپتۇ، — دېدى ياڭراق ئاۋازدا.

بۇ ماختاش بىلەن ئىلهامدىكى تارتىنىشلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىغا مەغرۇر قاراپ كۈلدى ۋە بىر مەھەللىلىك بىر بالىغا پوچىلىق بىلەن بېشىنى ئېتىپ قويدى...

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى.

ياقۇپ مۇئەللىم ئىلھامغا ئايرىم تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇردى:

— ئىلھام، قويۇڭدا كېلىدىغان «ق» ھەرپىنى بىر بەت يېزىپ كەل.

ئىلھام:

— بولىدۇ مۇئەللىم،— دېدى خۇشاللىق بىلەن.

ئەتىسى تاپشۇرۇقلار يىغىلغاندا ياقۇپ مۇئەللىم ئالدى بىلەن ئىلھامنىڭ دەپتىرىنى قولىغا ئالدى. دەپتەرگە «ق» ھەرپى خېلى يامان ئەمەس يېزىلغان بولۇپ، ياقۇپ مۇئەللىم رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە يۈز نومۇر قويدى.

ئەمما، ئىلھام دەرس ۋاقتىدا دىققىتىنى ئاسان يىغالمايتتى. پۇت - قولى جىم تۇرمايتتى. تازا قىزىق دەرس سۆزلىنىۋاتقاندا ئويلىمىغانلا گەپنى دەپ سالاتتى. ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭ پسىخىكىسىنى خېلى ياخشى چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى تۈزىتىشكە ئالدىراپ كەتمىدى. كۆپ يېتەكلەپ، ئاز باشقۇرۇپ، تەنقىدلىمەي، بەزىدە مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، تاپشۇرۇقنى ۋە تەلەپنى بارغانچە يۇقىرىلىتىپ ماڭدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلھامدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولماي قالمىدى. مۇھىمى، ئۇ دەرسلەرگە خېلى كىرىشىپ قالدى. شۇڭا ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىراقلا نۇرغۇن تەلەپلەرنى قويۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ، شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋاتاتتى.

بۈگۈنمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. ياقۇپ مۇئەللىم دوسكىغا «3+8=?» دېگەن ھېسابنى يازدى. ھېساب يېزىلىشى بىلەنلا بالىلارنىڭ بەزىلىرى قولىنى پۇكۇپ ھېسابلىسا، يەنە

بەزىلىرى دەپتەرلىرىگە يېزىپ ھېسابلاشقا باشلىدى. ئەمما، ئىلھام كارى يوق دەپتىرىدىن يىرتىۋالغان ۋاراقتا بىر نەرسە ياساپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇنى كۆرگەن ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئىلھام قولىدىكى نەرسىنى دەرھال يوشۇر-دى. بىراق ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي سورىدى:

— ئىلھام، سەن ھېسابلاپ باقە.

ئىلھام ئورنىدىن ئاستا تۇردى. لېكىن، ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

بۇنى كۆرگەن ياقۇپ مۇئەللىم باشقىچە چۈشەندۈردى:

— ئېغىلىڭلاردا سەككىز قوزا بار بولسا، سېنىڭ ئام-راق قويۇڭ سەن ئوبدان باققاچقا ئۈچنى قوزىلىسا، جەمئىي قانچە قوزاڭ بولىدۇ؟

ئىلھام بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاشقا باشلىدى:

— 11 قوزا بولىدۇ.

ياقۇپ مۇئەللىم خۇش بولۇپ كەتتى:

— ياخشى، ئىلھام توغرا جاۋاب بەردى.

ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىپ ئۇنى ئالقىشلىدى.

بۈگۈن ياقۇپ مۇئەللىم سىنىپتىن خېلى خۇشال چىق-تى. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنى ناھايىتى ئېچىلغان، دىققىتىمۇ ئانچە كۆپ چېچىلمىدى. ئىلھامنىڭ ھېسابلاش سۈرئىتىنىڭ تېزلەشكەنلىكىمۇ ئىسپاتلاندى. شۇڭا ياقۇپ مۇئەللىم ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ ئورۇندۇقتا ئارامخۇدا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ بىر ئوقۇتقۇچى سورىدى:

— ھېلىقى ئىلھام دېگەن بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— خېلى ئۆتكۈر بالىكەن. ئىلھامنىڭ ئېپىگە كىرەلمىگەن گەپ، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەپ.

ئوقۇتقۇچىلار بىر ـ بىرىگە قاراپ باش لىڭشىتتى.

مەكتەپتىن يانغاندا ياقۇپ مۇئەللىم ئىلھامنىڭ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ياقۇپ مۇئەللىمنى كۆرگەن ئابلا ئاكا بەك خۇش بولۇپ كەتتى:

— ۋاي مۇئەللىم، ئىلھامنى تازا ئوبدان تەربىيىلەۋاتىدىلا. ھازىر ئەتىگىنى قوپۇپ مەكتەپكە يۈگۈرەيدۇ. مەكتەپتىن كەلسە قولىدىن كىتاب ـ دەپتەر چۈشمەيدۇ.

ياقۇپ مۇئەللىم يەنە ئىلھامنىڭ تەرىپىنى ئالدى:

— بالا ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. قالغان تەرەپلىرىنى كېتىپ بېرىپ تۈزىتىۋالايمىزمۇ.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇرۇن ئىلھامنى «چوڭ بولسا قانداق ئادەم بولار؟» دەپ قورقۇپ يۈرەتتىم. ئەمدى قارىسام بىردەم خەت يازىدۇ، بىردەم ھېساب ئىشلەيدۇ. ئىچىم يوپيورۇقلا بولۇپ قالدى. رەھمەت مۇئەللىم، — دېدى ئابلا ئاكا ھاياجىنىنى باسالماي.

ياقۇپ مۇئەللىم ئابلا ئاكا بىلەن ئىلھامنى تەربىيىلەشتە، ئەمدى ئىلھامغا بولغان تەلەپنى بارا ـ بارا كۈچەيتىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ ماسلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەشكەندىن كېيىن قايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلھام بارغانچە كۈچەيتىۋاتقان تەلەپكە تۆيمايلا كۆنۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى تارتىنمايلا دوسكىغا

چىقىپ ھېساب ئىشلەيدۇ، سەترەك بولسىمۇ خەت يازىدۇ، قورقماي قول كۆتۈرىدۇ. يەنە كېلىپ تەنتەربىيە دەرسىدە تېز يۈگۈرۈشتە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئىلھام ئېچىلىپلا كەتتى، بالىلارغىمۇ ئۆزلىشىپلا قالدى.

## 5. چېمپىيون بولالمىدى، لېكىن چېمپىيون ئاتالدى

بۈگۈن ياقۇپ مۇئەللىم ئۇچۇن يەنە خۇشاللىق كۈن بولدى. چۈنكى، ئىلھامنىڭ ھېساب تاپشۇرۇق دەپتىرىگە تۈنجى قېتىم «95» نومۇر قويىدى ۋە دەپتەرگە: «تېخىمۇ ياخشى تىرىش» دەپ يېزىپ قويىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەتىسى ياقۇپ مۇئەللىم ئىلھامنى سىرتقا چاقىرىپ سۆزلەشتى.

— قوزىلىرىڭ چوڭلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ مۇئەللىم.

— چوڭلىدى، — چاققانلا جاۋاب بەردى ئىلھام.

— قوزىلىرىڭ بىلەن يېڭى - يېڭى ئويۇنلارنى ئوينىمىدىڭمۇ؟

— ئوينايمەن دېسەم تاپشۇرۇق قالىدىكەن. شۇڭا ھازىرچە ئوينىماي، ئوبدان باقسام بولدى، — دېدى ئىلھام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

«قوزىلىرىڭ چوڭلاپ قالغان بولسا، ئۆگىنىشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجراتساڭ» دېمەكچى ئويلاپ كەلگەن ياقۇپ مۇئەللىم ئەمدى ئۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ:

— ياخشى، ئوبدان تىرىشقىن، — دېدى.

ئۆزۈم شۆڭلىرىنى كۆمۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئابلا ئاكا ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان ئىلھامنى «بولدى، ھېلىمۇ كۆپ ياردەملەشتىڭ. ئەمدى بېرىپ تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە» دەپ ئۆيگە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ يەرگە ياقۇپ مۇئەللىم يېتىپ كەلدى.

ياقۇپ مۇئەللىم ئابلا ئاكا بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى:

— مەكتەپتە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى. ئىلھام قاتنىشىمەن، دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

ئابلا ئاكا نېمىشقىدۇر تارتىنىپراق ئېيتتى:

— شۇ، نەچچە كۈندىن بۇيان شۇ گەپنى دەپ ئولتۇرالمايۋاتىدۇ.

— مەكتەپنىڭ…، — ياقۇپ مۇئەللىم گەپنى يۇتۇۋەتتى، — مەكتەپنىڭ 3 - سىنىپتىن يۇقىرىلار قاتناشسۇن دېگەن شەرتى بار ئىدى.

ئابلا ئاكا بىر تال شۆڭنى تۇتقانچە تۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ياقۇپ مۇئەللىم بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— بولىدۇ، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، — دەپ خوشلىشىپ ماڭدى.

مەكتەپتە بىر قانچە تۈرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. ئەمما بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بەلگىلەنگەنىدى. بۇ قائىدە بويىچە بولغاندا ئىلھام

قاتناشسا بولمايتتى. بىراق، ئىلھام يۇگۇرۇشكە بەك ئامراق ھەم بۇ جەھەتتە ئىقتىدارىنىمۇ نامايان قىلغان. بۇ نۇقتا ياقۇپ مۇئەللىمگىمۇ ئايان. شۇنداقلا، ئىلھامنى ياش بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 3 - سىنىپقا توغرا كېلەتتى. پەقەت تەكرار ئوقۇغانلا يېرى بار. لېكىن ھازىر ئۇ بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بولغاچقا... ئىلھام ئىشخانىغا كىرىپ ياقۇپ مۇ-ئەللىمگە قايتا - قايتا دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇ تەڭلىكتە قالغان-دى. شۇڭا ئۇ ئابلا ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ ئىلھامنى قاتناش-ماسلىققا دەۋەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بارغانىدى. لېكىن ئابلا ئاكىنىڭمۇ بۇ ئىشتا بىر يېرى بوش... شۇڭا ياقۇپ مۇئەللىم بۇ پائالىيەتنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال-لارنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ باقماقچى بولدى.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار: «بىخەتەرلىككە سەن مەس-ئۇل بولساڭ قاتناشسا قاتناشسۇن» دەپ قالدى. ئىلھام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئىشتا ياقۇپ مۇئەللىمنىڭمۇ ئەندىشىسى بار ئىدى. شۇڭا ئىلھامغا:

— ئىلھام، بۇ قېتىم سەن مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدى-غانلىقىنى كۆرۈپ باقساڭلا بولدى. شۇڭا بەك كۈچەپ كەت-مە، — دېدى.

— ياق مۇئەللىم، — دېدى ئىلھام ئويلىمىغاندا كەس-كىنلىك بىلەن، — مەن نەتىجىگە ئېرىشمەي قويمايمەن.

ئىلھامنىڭ بۇ قەتئىيلىكىگە قاراپ ياقۇپ مۇئەللىم بىر نېمە دېيەلمەي قالدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى لىڭشىتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ئېتىزغا بېرىش ئۈچۈن ھارۋى-نى تەييارلاۋاتقان ئابلا ئاكا تولۇق كىيىنىپ چىققان ئىلھامنى

كۆرۈپ سورىدى:

— هوي، مەكتەپكە بۇنچە ئەتىگەن بارساڭ بولماس؟

— مۇسابىقىگە بىر ھەپتە قالدى. چېنىقىپ تۇراي، — دېدى ئىلهام چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئىلهامنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئاتىسى: «يۇگۇر بالام... مۇئەللىم دېگەن قالتىس بولىدىكەن» دەپ شىۋىرلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلهام مەشىققە كىرىشىپ كەتتى. ياقۇپ مۇئەللىممۇ بىكار بولسا ئۇنى يېتەكلىدى، ئۇنىڭغا ئىلهام بەردى، ئۇ مەشىق قىلىشنى تاشلاپ قويمىدى.

بۈگۈن ياقۇپ مۇئەللىم سىنىپقا كۈلۈپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ساۋاقداشلار، بۈگۈن يەنە بىر مۇسابىقە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇقتۇرىمەن. ئالدىنقى قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە ساۋاقداش ئىلهام يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشتە مەكتەپ بويىچە ئىككىنچى بولدى (ئىلهام ئەتراپىغا مەغرۇر كۈلۈپ قاراپ قويدى.) ئەمدى بىز پاراللېل سىنىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشمىساق بولمايدۇ. بۇ مۇسابىقىگە ھەر بىر سىنىپتىن بەشتىن ساۋاقداش قاتنىشىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن شۇ بەش نەپەر ساۋاقداشنى بېكىتىۋالساق، — دېدى.

ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ «مۇئەللىم نېمە دەۋاتىدۇ؟» دەپ جىم ئولتۇرۇشتى.

دەرۋەقە، ياقۇپ مۇئەللىممۇ نامزاتلارنى ئالدىنئالا ئويلىشىپ قويغانىدى:

— مەن ئەتراپلىق ئويلىنىپ مۇنۇ بەش نەپەر نامزاتنى

ئويلاشتىم. ئۇلار: ئادىل، زىلالە، رەيھانگۇل، قادىر...

ياقۇپ مۇئەللىم تۆت نەپەر ساۋاقداشنىڭ ئىسمىنى دەپ بولغاندىن كېيىن تۇرۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار «نېمە بولدىكىن؟» دەپ مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالدى.

ياقۇپ مۇئەللىم بەشىنچى نامزاتنى ئىككىلىنىپرەك ئېلان قىلدى:

— بەشىنچى نامزات، ئىلهام...

سىنىپ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. ئىلهام داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى، بۇنىڭدىن ياقۇپ مۇئەللىممۇ جىددىيلىشىپ قالدى. سەلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ پىچىرلىشىپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن ياقۇپ مۇئەللىم:

— مەن ئويلاشقان نامزاتلار يۇقىرىقىلار. ئەمدى ساۋاقداشلار ئۆزۈڭلار تاللاپ بېقىڭلار، — دېدى.

ئوقۇغۇچىلار يەنە جىممىدە بولۇپ قېلىشتى. ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا قاراپ ئەمدى بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئوقۇغۇچىلار ئۇيەر - بۇيەردىن «قوشۇلىمىز» دېيىشتى. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

## 6. ھەقىقىي چېمپىيون

مۇسابىقە مەيدانى.

مۇسابىقە كۆرۈشكە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قىزىقىش ئىچىدە مۇسابىقىنىڭ تېزرەك باشلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ماھىرلار

دوسكا ئالدىدا بەشتىن ئىككى رەت بولۇپ ئولتۇرغانىدى. تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى، «مۇ-سابىقە تېزرەك باشلانسىكەن» دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولات-تى. دوسكىغا A تەرەپ، B تەرەپ دەپ يېزىلغان. ئىلهاملار-نىڭ گۇرۇپپىسى B تەرەپ بولغانىدى.

مۇسابىقە باشلاندى.

رىياسەتچى مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى:

— هازىر مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىدۇ. مۇسابىقىمىز-نىڭ بىرىنچى تۈرى تېز هېسابلاش. هازىر هەر بىر ئوقۇغۇ-چى ئالدىدىكى قەغەزگە يېزىلغان هېسابلارنى ئىشلەيدۇ. ۋاق-تى ئىككى مىنۇت. ئىشلىگەن هېسابنىڭ سانى ۋە ۋاقىت ئۆلچىمى بويىچە نومۇر بېرىلىدۇ.

تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنىڭ ماھىرلىرىغا ئىشەنچ بىلەن قول ئىشارىتى قىلىشتى.

رىياسەتچى:

— باشلاڭلار.

ئۇلار تېزلىك بىلەن هېسابلاشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلار ئۇلارغا جىددىيلىشىپ قاراشقا باشلىدى.

مۇسابىقىنى كۆرىمىز دەپ بىر دەمدىلا دېرىزە ئەتراپىغا بىر مۇنچە باللار ئولاشتى.

ماھىرلار هېسابنى ئىشلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇلار گاھ بارماقلىرىنى پۈكۈشەتتى، گاھ يېنىدىكىگە قارايتتى، گاھ تامدىكى سائەتكە قارىشاتتى... ھەممىسى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن رىياسەتچى بىرمۇ بىر كۆرۈپ چىقىپ ئېلان قىلدى:

— ھەممىسى بېرىلگەن ۋاقىت ئىچىدە توغرا ئىشلەپتۇ. ھەربىر ماھىرغا ۋە ھەربىر گۇرۇپپىغا 10 دىن نومۇر

بېرىلسۇن.

تاماشىبىنلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

رىياسەتچى يەنە بىر تۈرنى ئېلان قىلدى:

— ھازىر مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ماھىر بىر كەرىنى سورىسا قارشى تەرەپتىكى ماھىر بەش سېكۇنت ئىچىدە جاۋابىنى دەيدۇ. توغرا ھەم ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلىسە ئۇنىڭغا 10 نومۇر بېرىلىدۇ. ۋاقتىدا ھەم توغرا جاۋاب بېرەلمىسە سورىغۇچىغا 10 نومۇر بېرىلىدۇ. A تەرەپتىكى بىرىنچى ماھىر باشلاڭ.

ئىككى تەرەپتىكى بىرىنچى ماھىر ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشتى.

بىرىنچى ماھىر: 3 يەردە 7 قانچە؟

قارشى تەرەپ بىرىنچى ماھىر: 21.

ئۇنىڭغا 10 نومۇر بېرىلدى. بۇ تۈر مۇشۇ يوسۇندا ھەم جىددىي ھەم قىزىقارلىق ئېلىپ بېرىلدى. تاماشىبىنلار ما-ھىرلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە جاۋابىغا قاراپ بىردەم جىددىيلەش-سە، بىردەم خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى. ئەگەر نومۇر قو-شۇلسا ئۆزلىرىنى تۇتۇشالماي چاۋاك چېلىشاتتى، نومۇر تارتىلسا «ھەي···» دەپ بېشىنى چايقىشاتتى.

— ھازىر مۇسابىقىنىڭ ئۈچىنچى تۈرى باشلى-نىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى رىياسەتچى، — بۇنىڭدا، مەن بىردىن ئەللىككىچە بولغان ساندىن خالىغاننى ئېيتسام ئىك-كى ماھىر دوسكىغا چىقىپ تېز ھەم چىرايلىق يازىدۇ. يەڭگەن ماھىرغا 10 نومۇر بېرىلىدۇ.

ئىككى تەرەپتىن بىردىن ماھىر دوسكىغا چىقتى.

رىياسەتچى: 39.

ئىككى ماھىر تەڭلا يازدى. ئەمما بىرى سەت يېزىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر تەرەپكە 10 نومۇر قوشۇلدى.

مۇسابىقە قىزغىن داۋاملاشماقتا ئىدى... بىر چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ نومۇر پەرقى A تەرەپ 140 نومۇر، B تەرەپ 160 نومۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ماھىرلارمۇ، تاماشىبىنلارمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. رىياسەتچى تەنتەنىلىك ھالدا ئېلان قىلدى:

— ھازىر ئىككى تەرەپنىڭ نومۇر پەرقى 160 دە 140 بولدى. ئەمدى مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى تۈرى: زېرەكلىك بىلەن جاۋاب بېرىش.

بۇنى ئاڭلىغان A تەرەپتىكى ماھىر ۋە تاماشىبىنلار «ئاخىرقى مىنۇتلاردا قارشى تەرەپتىن ئېشىپ كەتسەك بولاتتى» دەپ جىددىيلەشسە، B تەرەپتىكى ماھىر ۋە تاماشىبىنلار «مۇسابىقە مۇشۇ پېتى چاققانراق ئاخىرلاشسىكەن» دەپ تەققەززا بولۇشقىلى تۇردى.

— بۇ مۇسابىقە تۈرىدە جەمئىي ئۈچ سوئال بار. بۇنىڭدا مەن بىر تەرەپتىن سوئال سورايمەن. بىر گۇرۇپپىدىن بىر ماھىر جاۋاب بېرىدۇ. 10 سېكۇنت ئىچىدە توغرا جاۋاب بېرەلىسە 10 نومۇر بېرىلىدۇ. توغرا جاۋاب بېرەلمىسە قارشى تەرەپتىكى خالىغان بىر ماھىر جاۋاب بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ماھىر توغرا جاۋاب بېرەلىسە ئۇنىڭغا ۋە گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي نومۇرىغا 10 نومۇر قوشۇلىدۇ. ئەسلىدىكى ماھىردىن ۋە گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي نومۇرىدىن 10 نومۇر تارتىلىدۇ. ئەمما قارشى تەرەپتىكى ماھىر توغرا جاۋاب بېرەلمىسە ئۇلاردىن نومۇر تارتىلمايدۇ. A تەرەپتىكى بىرىنچى ماھىر دىققەت!

ئۇ ماھىر ئورنىدىن تۇردى.

رىياسەتچى: «دەرەختە بەش قۇشقاچ بولسا، ئوۋچى ئۇلاردىن بىرنى ئېتىۋەتسە دەرەختە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ؟»

ئۇ ماھىر:

— بىرمۇ قۇشقاچ قالمايدۇ. چۈنكى ئۆلگىنى چۈشۈپ كەتسە، قالغانلىرى ئۇچۇپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

رىياسەتچى: «جاۋابى توغرا. A تەرەپكە 10 نومۇر قو-شۇلسۇن.»

شۇنىڭ بىلەن A تەرەپنىڭ ئومۇمىي نومۇرى 150 بول-دى. بۇنى كۆرگەن ئۇ تەرەپنىڭ تاماشىبىنلىرى چاۋاك چې-لىشىپ كېتىشتى. قارشى تەرەپنىڭ ماھىرلىرى بولسا ھە-دەپ ئىچىدە: «غەيرەت قىلىڭلار، سەگەك بولۇڭلار» دېيىش-كىلى تۇردى.

ھالقىلىق مىنۇتلار كەلدى.

رىياسەتچى:

— B تەرەپتىكى بىرىنچى ماھىر دىققەت!

ئۇ ماھىر ئورنىدىن تۇردى.

— يەردە بەش قۇشقاچ دانلاۋاتقاندا ئوۋچى ئۇلاردىنمۇ بىرنى ئېتىۋەتسە يەردە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ؟

— بىرمۇ قۇشقاچ قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ماھىر ئالدىراپ.

A تەرەپنىڭ بىر ماھىرى دەرھال ئورنىدىن تۇردى:

— خاتا، بىر قۇشقاچ قالىدۇ. چۈنكى، قالغانلىرى

ئۆچۈپ كەتكەن بىلەن ئۆلگەن قۇشقاچ قالىدۇ.

رىياسەتچى:

— توغرا. A تەرەپكە 10 نومۇر قوشۇلۇپ، B تەرەپتىن 10 نومۇر تارتىلسۇن.

A تەرەپنىڭ تاماشىبىنلىرى خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. تەرتىپ ساقلىغۇچى ئۇلارنى تەستە تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن مۇسابىقە داۋام قىلدى. ئەمما B تەرەپنىڭ ماھىر ۋە تاماشىبىنلىرىنىڭ قايغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ياقۇپ مۇئەللىم ھەرقانچە چاندۇرمايمەن دېسىمۇ چىرايىدىن بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئىلھام بولسا خۇددى ئۇنچىۋالا دىققەت قىلغۇچىلىكى يوق بىر ئىشقا مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك، ئۇياق - بۇياقا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرى ئىلھامغا ئالىيىشىپ ئولتۇرالماي قېلىشتى.

رىياسەتچى:

— ھازىر نومۇر پەرقىدە ئەكسىچە ئۆزگىرىش بولدى. يەنى، 160 دە 150 بولدى. ئەمدى ئاخىرقى بىر سوئال.

پۈتۈن مەيدان جىددىي كەيپىيات ئىلكىدە جىممىدە بولۇپ قالدى.

رىياسەتچى:

— A تەرەپ ماھىرى دىققەت! بىر پادىچىنىڭ بىر كالىسى ئىككىنى موزايلىغان بولسا، ئىككى قويى بىردىن قوزىلىغان بولسا بۇ كىشىنىڭ جەمئىي قانچە قويى بار؟

ئۇ ماھىر تېزلا جاۋاب بەردى:

— يەتتە.

ئىككى تەرەپتىكى ماھىرلار ئويلىنىپ قېلىشتى. A

تەرەپنىڭ تاماشىبىنلىرىمۇ دەسلەپ خۇشاللىقتا چاۋاك چې-
لىشماقچى بولدى - يۇ، بۇنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ئويلىنىپ قالسا، بەزىلىرى مۇشتىنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ
«ھەي» دەپ كېتىشتى. قارشى تەرەپتىكى تاماشىبىنلار بول-
سا داڭ قېتىپ ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى.

ئىككى تەرەپتىكى ماھىرلار دوسكىدىكى نومۇر پەرقىگە
قاراشتى.



دەل شۇ چاغدا ئىلھام ئورنىدىن تۇردى.

ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ساۋاقداش-
لىرىنىڭ بەزىلىرى «ھەي...» دەپ قېلىشتى. ياقۇپ مۇئەل-
لىممۇ يېنىك تىترەپ كەتتى. چۈنكى ئادەتتە دەرس ۋاقتىدى-
مۇ ھېسابلارنى ئارانلا ئىشلەپ ماڭىدىغان بۇ ئوقۇغۇچى ئەم-
دى مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە...

— تۆت قويى بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئىلھام ناھايى-

تى ئوچۇق قىلىپ.
پۈتۈن سورۇن تېخىمۇ جىمىپ كەتتى.
رىياسەتچىنىڭ جاراڭلىق، ئەمما ھاللىقلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— توغرا! B تەرەپكە 10 نومۇر قوشۇلۇپ، A تەرەپتىن 10 نومۇر تارتىلسۇن.
دوسكىدىكى نومۇر يەنە ئۆزگەرتىلدى. B تەرەپنىڭ سىدىنىپىدىكىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، باشمالتاقلىرىنى چىقىرىشىپ ئىلھامغا كۆرسىتىپ كېتىشتى. مۇئەللىملەر:
— بۇ ھېلىقى ئىلھام دېگەن بالا شۇ.
— ئەجەبمۇ چېچەن بالىكەنغۇ...
— ياقۇپ مۇئەللىم بىكار ماختىمايدىكەن ـ دە...
بۇنى ئاڭلىغان غاپپار مۇئەللىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
رىياسەتچى ئاخىرقى نەتىجىنى ئېلان قىلدى:
— مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى نومۇر پەرقى: B تەرەپنىڭ 160 نومۇر. A تەرەپنىڭ 150 نومۇر. دېمەك، بۈگۈنكى مۇسابىقىدە 1 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئۇتتى...
... مۇكاپاتلىنىپ، خۇشاللىق ھاياجىنىغا چۆمگەن ئىلھامنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويغان ياقۇپ مۇئەللىم رازىمەنلىك بىلەن پىچىرلىدى: «بالىلىرىمىز نېمىدېگەن ئەقىللىق ـ ھە!»
ئىلھام ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قويىلىرىنىڭ «مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن!» دەپ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئىدى.
ئۇ ئۆيىگە بارغاندا ئاتىسى قويلارغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىش

ئۇچۇن سامان تەييارلاۋاتقانىكەن. ئىلھام بىر-پىلا ئاتىسىغا قولىدىكى تەقدىرنامىسىنى كۆرسەتتى. تا شۇ كەمگىچە ئوغ-لىنى مەكتەپكە تىنچ بېرىپ كەلسىلا بولدى، دەپ تىلەپ كېلىۋاتقان ئابلا ئاكا، ئوغلى سۇنغان تەقدىرنامىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇدى ۋە ھاياجاندىن قولى تىترەپ كەتتى. ئوغلىغا مېھرى بىلەن تىكىلگەن كۆزى نەمدىلىپ، سۆيۈنۈش يېشى سىرغىپ چىقتى.

بۇ چاغدا ئىلھام سامانىنى يۈيۈش ئۇچۇن، يېرىم سۇ قاچىلانغان داسقا سامانىنى تۆكۈۋاتاتتى. ئابلا ئاكا ئاستا بې-رىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن سىلىدى ۋە پىچىرلىدى: «ئوغلۇم، سەن ئوبدان ئوقۇساڭلا بولدى. بۇ ئىشلارنى مەن قىلاي!»

## 7. مۇئەللىمنىڭ مۇكاپاتى

ئەتىسى ياقۇپ مۇئەللىم ئىلھامنى ئىشخانىسىغا چاقىرت-تى. بۇرۇن ئىشخانىغا كىرىشتىن قورقىدىغان ئىلھام بۇ قېتىم ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ ئىشخانىغا كىردى ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— ئولتۇرە ئىلھام، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، — مۇسابىقىدە ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ. ئەگەر سەن چاققانلىق قىلمىغان بولساڭ... بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە سېنىڭ تۆھپەڭ ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. ساۋاقداشلار سېنىڭدىن بەك رازى، مۇئەللىملەرمۇ قايىل بولۇشتى. بولۇپمۇ مەن سېنىڭدىن بەك خۇش بول-دۇم. مانا ئۇمىدىمنى يەردە قويمىدىڭ. مۇشۇنداق ئوقۇيدى-

غان بولساڭ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىسەن. چوقۇم تىرىشقىن!
ئىلھام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاجايىپ يايراپ كەتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ماختىشىنىڭ بۇنچىلىك تاتلىق بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ: «چوقۇم تىرىشمايدىغان بولسام» دەپ ئويلىدى قاتتىق ھاياجان ئىچىدە.
ياقۇپ مۇئەللىم ئىشكاپنى ئېچىپ ئىككى كىتاب ئالدى.
— مە، بۇ مېنىڭ مۇكاپاتىم، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم بىر خىل ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — خەتنى تېز ئوقۇيدىغان بول، بولمىسا ھېسابلارنى توغرا چۈشىنەلمەيسەن.
بۇ گەپتىن ئىلھام «ساۋاتىڭنى تولۇق چىقار» دېگەن مەنىنى دەرھال ھېس قىلدى ۋە سەمىمىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. بۇرۇنلاردا بولىدىغان بولسا بۇ گەپ ئىلھامنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. ياقۇپ مۇئەللىم ئىلھامنىڭ بۇ قەدەر ئوڭلۇقلۇقىدىن خېلى سۆيۈندى.
ئۇ ئىككى كىتاب «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ دەسلەپكى ئىككى قىسمى ئىدى. ئىلھام كىتابلارنى كۆتۈرۈپ تۇنۇگۇنكىدىنمۇ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قاراپ چاپتى.
— ئاتا، ئاتا، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، — ياقۇپ مۇئەللىم ماڭا يەنە مۇكاپات بەردى. مانا قارا!
كىتابنى قولىغا ئېلىپ ھەممىنى چۈشەنگەن ئابلا ئاكا بەك تەسىرلەندى. ئۇ كۆزىگە يىغىلغان مىننەتدارلىق يېشىنى زورىغا بېسىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى:
— ياخشى بوپتۇ ئوغلۇم. ئەمدى سەنمۇ مۇئەللىملەرنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاپ تىرىشىپ ئوقۇ.

— تىرىشىپ ئوقۇيمەن. ئاتا، بۇ كىتابلاردا نېمە بار؟
— ياقۇپ مۇئەللىم ئوقۇ دېگەندىكىن ئۆزۈڭ ئوقۇپ بىلمەمسەن.
— ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغان بولسام، — دېدى ئىلھام قەتئىيلىك بىلەن، ئاندىن ئۇ ئويلىنىپ دېدى، — ئاتا، مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى: نېمىشقا ھەممە مۇئەللىملەر ياقۇپ مۇئەللىمدەك ياخشى ئەمەس؟
بۇ گەپ بىلەن ئابلا ئاكا خېلى گەپلەرنى دېگۈسى كەلدى-يۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى:
— ئۇنداق دېمە ئوغلۇم، ھەممىلا مۇئەللىم ياخشى.
— ئۇنداق بولسا، غاپپار مۇئەللىمنىڭ نېمانداق ئاچچىقى يامان؟ — دېدى ئىلھام پەرىشانلىق بىلەن.
— ئادەمنىڭ مىجەزى ئوخشاشمايدۇ، بالام. بەزىلەر تاتلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاچچىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ. «نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق» دېگەن گەپ بارغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن لەڭپۇڭ يېگەن چېغىڭدا لازا - ئاچچىقسۇيى بار تۇرۇپ يەنە لازىنى جىق سېلىشقا ئامراققۇ؟!
— ئۇنداق ئاچچىقلانغاندىن، ھەممە مۇئەللىملەر تاتلىق نەسىھەت قىلىشنى ئۆگەنسە بولمامدۇ؟
— بولىدۇ بالام، — دېدى ئابلا ئاكا گەپنى چوڭقۇرلاتماي، — بۇلارنى سەن چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن. ئەمدى ياقۇپ مۇئەللىم بەرگەن كىتابلىرىڭنى ئوقۇشنى ئۆگەن.
ئىلھام بېشىنى لىڭشىتىپ كىتابنى ئاچتى. ئوغلىنىڭ زېھنىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابلا ئاكا ئىچى يو-

روۋپ كەتكەندەك بولدى. «ئوغلۇم مەكتەپتىن ئەمدى مەنپەئەت ئېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ مىننەتدارلىق بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلھام كىتاب ئوقۇشقا بېشچىلاپ بېرىلدى. چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، گۈزەل - ئارزۇلار ۋە بۇ يولدىكى قەيسەرلىك - باتۇرلۇقلار ئىلھامنى مەپتۇن قىلىۋالدى. شۇڭا ئۇ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ ياقۇپ مۇئەللىمدىن يەنە كىتاب سورىدى. ياقۇپ مۇئەللىم دەرسنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئىلھامغا يەنە كىتاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلھامنىڭ ساۋاتى تېز چىقىپلا قالماي، دەرستە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىۋاتقان باللار بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇ ئەنە شۇنداق كىتاب ئوقۇپ يۈرۈپ باشلانغۇچ 6 - يىللىققا چىققاندا، ئەدەبىياتنىڭ سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك ئوتى ئۇنىڭغا تۇتىشىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىپ قالدى.

# ئىككىنچى قىسىم جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار

## 1. سالام تەبىئەت

تەبىئەت دەرسىگە بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم قىزىقىدۇ، ھەم قىزىقمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، تەبىئەت دەرسىدە ئەگەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ مەزمۇنى بويىچە تەبىئەتنى كۆزىتىشكە ئېلىپ چىقسا، باللار بەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئوقۇغۇچىلار بەزىدە بىر تال گىياھ بولمىسىمۇ سۆيۈملۈك، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ئىدىقۇت تېغىغا چىقىپ تاشلارنى، توپا قاتلاملىرىنى تەكشۈرسە، بەزىدە يۇرتى تۇيۇق جايلاشقان ئىدىقۇت تاغ جىلغىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى — جىلغا تېگىدىكى ئېقىننىڭ نېمىشقا شۇنچىۋالا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتكە تولغان ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتى؛ بەزىدە چەكسىز كەتكەن ئۈزۈمزارلىقتا بېرىپ، ئۈزۈمزارلىقتىكى تۈرلۈك ھاشاراتلارنى كۆزەتسە، بەزىدە ئاددىي، توك كۈچى ئاجىز، ئەمما يۇرتتىكى ئاجايىپ يېڭىلىقلارنىڭ بىرى بولغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ توكنىڭ ھاسىل بولۇشىنى بىلىپ كېلەتتى. قىسقىسى، تەبىئەت دەرسىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئۇچۇراشتۇرۇشى ئوقۇغۇچىلارنى خۇشال قىلىۋېتەتتى. ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ قىزىقمايدىغان تەرىپى، ئەگەر مۇئەللىمگە ئوقۇغۇ-
چىلارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىش ئاۋارىچىلىك بىلىنىپ خۇش-
ياقمىسا ياكى كۆپىنچە ھاللاردا سۆزلەيدىغان دەرس بولۇپ
قالسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ياز-
نىڭ تىنجىق كېچىسى چېكەتكە بىر خىل ئاۋازدا ئۇزۇن-
دىن - ئۇزۇن چىرىلدىغاندەك، بۇ ئوقۇتقۇچىمۇ بىر خىل
تۆۋەن ئاۋازدا، بىر خىل رىتىمدا، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈر-
مەي كىتاب ئوقۇشقا چۈشەتتى. بىر دەرسنى سائەت توشقۇچە
ئاشۇنداق قىياپەتتە تەكرار - تەكرار ئوقۇيتتى. بۇنىڭ بىلەن
ئوقۇغۇچىلارغا خۇشياقماي بەزىلىرى ئۇيقۇغا چۈشسە، بەزى-
لىرى ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناشقا كىرىشىپ كېتەتتى. يەنە
بەزىلىرى بولسا چالا قالغان تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىۋالاتتى...
قىسقىسى، بۇنداق بىر سائەتلىك دەرسنىڭ توشمىقى ئوقۇغۇ-
چىلارغا تولىمۇ قىيىن بىلىنەتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئىچى تىتىلداپ كېتەتتى.

بۈگۈنمۇ، ئوقۇتقۇچى كىتابتىكى دەرسلىك مەزمۇنىنى
زېرىكىشلىك قىلىپ قايتا - قايتا ئوقۇپ ئاخىر ئۆزىمۇ
ئۇخلاپ قالاي دېگەندە سائەت توشتى. داڭنىڭ كۈچلۈك ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا جانلىنىشتى.

— تاپشۇرۇق،— دېدى ئوقۇتقۇچى ئاۋازىنى چىڭ چى-
قىرىپ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلار چۆچۈشتى. چۈنكى
بۇ ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئۇنداق بوشاڭلىق بىلەن ئۆتكىنى
بىلەن تاپشۇرۇققا كەلگەندە ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى:
ئىشلىمەي كەلگەنلەرنى، تولۇق ئىشلىمىگەنلەرنى، ئەستايى-
دىل ئىشلىمىگەنلەرنى تەنقىدلەپ، دۆشكەلەپ يۈرىكىنى سۇ
قىلىۋېتەتتى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى كۆڭۈل

قويۇپ ئاڭلىمىغىنى بىلەن، بەرگەن تاپشۇرۇقىغا كەلگەندە تىك تۇراتتى.
ئوقۇغۇچىلار «تاپشۇرۇق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تاپشۇرۇق مەزمۇنىنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئېلىشتى.
— بۇ قېتىمقى تاپشۇرۇق شام ھەققىدە بولىدۇ. سىلەر شامنىڭ يېنىۋاتقان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ، يېزىپ كېلىسىلەر. تاپشۇرۇق كېيىنكى سەيشەنبە كۈنى يىغىۋېلىنىدۇ.
ئوقۇتقۇچى گېپىنى تۈگىتىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.
دەرستىن چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
— قانداق يازالامسەن؟— دېدى بىر ئوقۇغۇچى.
— شامنىڭ يېنىشىغا قاراپ يازساق بولمىدىمۇ، — دېدى ئىلھام. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ باش قاتۇرۇپ كېتىشتى.
— نېمىگە باش قاتۇرۇپ كېتىسىلەر، — دېدى جۈرئەت سىرلىق كۈلۈپ، — بۇ بەك ئاسانغۇ.
— قانداق ئاسان؟
ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ئەمما جۈرئەت ئېشىۋالدى ۋە دېگىلى ئۇنىمىدى. بۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېپىشتى.
— بولىدى، بولىدى، — دېدى ئۇ تەنە قىلغاندەك، — ئىلھام دېگەندەك شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ شۇنىڭغا قاراپ يېزىڭلار.

— دەپ بېرە، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — نېمە ئويۇن ئويناپمىز دېسەڭ ساڭا ئەگىشىپ ئويناۋاتىمىز. ھە دېسە «بىز ئاغىنە» دەپ سۆزلەپ يۈرىدۇ-سەن. ئەمدى شۇنىمۇ يوشۇرۇپ يۈرسەڭ...

ماختاش سۆزىنى ئاڭلىغان جۈرئەت كۈلدى:

— ياخشىراق ئويلاپ باقمايلا غەمگە پاتىدىكەنسىلەر. «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە مۇنداق نەرسىلەر كۆپ-قۇ. ئاختۇرۇپ باقساق شام ھەققىدە يېزىلغان ماقالىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. شۇنى كۆچۈرۈپ قويساقلا ئىش پۈتمىدىمۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلار چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى:

— ھوي، راست...

— نېمىشقا يادىمىزغا كەلمىگەندۇ؟ يەنىلا جۈرئەت يا-ماندە سەن.

— راست، راست، مەن شۇنداق ماقالىنى كۆرگەندەك قىلغان.

— ئېنىق ئېسىمدە، شام ھەققىدىكى ماقالە بار، — دېدى جۈرئەت مەغرۇرلۇق بىلەن.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، — دېدى ئىلھام نارازى بولۇپ، — مۇئەللىم ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا...

— سەن دېمىسەڭ، بىز دېمىسەك ئۇ مۇئەللىم قانداق ئۇقىدۇ، — دېدى جۈرئەت مەنسىتمەسلىك بىلەن، — ياكى ئۇ مۇئەللىم ھاۋاگۇل مۇئەللىمدەك «ئۆسمۈرلەر گېزىتى» نى بىرمۇ بىر كۆرۈپ يۈرمىسە.

— شۇنداق.

— توغرا، توغرا، شۇنداق قىلايلى.

— مەيلى، سىلەر شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى

ئىلهام،— مەن شامغا قاراپ يازىمەن.

— بوپتۇ، — دېدى جۇرئەت، — سەن شامغا قاراپ ئولتۇر، بىز ئويۇنىمىزنى باشلايلى، — جۇرئەت شۇنداق دەپ ئادىتى بويىچە قوشاق توقۇدى:

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
تاغقا بارايلى.
چېپىپ يۈرۈپ دۆڭدىن دۆڭگە،
خۇشال يايرايلى. ھۇررا!

قالغانلار يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىلهام ئۇلارنىڭ خۇشال ھالىتىگە مەستلىكى كېلىپ بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يولىغا ماڭدى.

ئىلهام دۆڭباغ دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۈزۈملۈكنى ئارىلاپ يۈرگەن ياقۇپ مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ يەر خېلى كەڭ كۆلەمدىكى ئۈزۈملۈك بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كىشىلەر «داجەيدىن ئۆگىنىش روھى» بويىچە تۈز يەرگە توپا دۆۋىلەپ ياسىغان ئېتىزلىق ئىدى.

ئىلهام ياقۇپ مۇئەللىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھە، ئەجەب ئويغا چۆكۈپ كېتىپسەنغۇ؟ — سورىدى ياقۇپ مۇئەللىم، — يەنە قويلىرىڭنى ئويلاۋاتامسەن؟

— ياق، — دېدى ئىلهام تارتىنىپ، — ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقلارنى ئويلاۋاتىمەن.

ئىلهام باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا ئۆرلىگەندىن كېيىن ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا ھاۋاگۇل مۇئەل-

لىم ئالماشقانىدى. شۇندىن كېيىن ئىلھام ياقۇپ مۇئەللىمـ-
نى مەكتەپتە كۆندە كۆرۈپ تۇرسىمۇ بۇرۇنقىدەك يېقىنچە-
لىق قىلىشتىن تارتىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بول-
سىمۇ ئۇ ياقۇپ مۇئەللىمنى بۇرۇنقىدەكلا چوڭ كۆرەتتى.
ياقۇپ مۇئەللىممۇ ئۇنى كۆرگەن يەردە قويىنى تىلغا ئېلىپ
چاقچاق قىلىپ قوياتتى. ئىلھامنىڭ ئاتىسى كېيىنكى يىللار-
دا باقىدىغان قوينىڭ سانىنى كۆپەيتكەن بولغاچقا، ئاساسەن
قوتاندا بېقىۋاتقانىدى. شۇڭا ئىلھام يازدا دالىدا قوي باققاننى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاتىسىنىڭ ئوت - چۆپ يىغىش ئىشلى-
رىغىلا ياردەملىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ياخشى ئوقۇ ئوكام، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنى
رىغبەتلەندۈرۈپ، — سەن تىرىشساڭلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتە-
لەيسەن.

ئىلھام بېشىنى لىڭشىتتى.

— يەنە كىتاب ئوقۇۋاتامسەن؟ — سورىدى ياقۇپ
مۇئەللىم.

— ئوقۇۋاتىمەن، ئاتاممۇ بازاردىن ئەكېلىپ بې-
رىدۇ، — دېدى ئىلھام كىتاب ئوقۇشنىڭ گېپى چىقىپ بىر
ئاز ئېچىلىپ، — ھازىر «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»
گېزىتى بىلەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى كۆپرەك
ئوقۇۋاتىمەن.

ياقۇپ مۇئەللىم كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە
يەنە بىر ئاز سۆزلىگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

ئىلھام: «ياقۇپ مۇئەللىم نېمىدېگەن ئوبدان» دېگەن-
لەرنى ئويلىغاچ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپلا
قازان بېشىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىباەتخان ئانىنىڭ يېنىغا
چىقتى.

— ئاپا، پۇل بەر، — دېدى ئىلھام.

— نېمە قىلىسەن؟



— شام ئالىمەن.

— شامنى نېمە قىلارسەن؟ — دېدى ئىبادەتخان ئانا ھەيران بولۇپ.

— شامغا قاراپ تاپشۇرۇپ ئىشلەيمەن. تەبىئەت مۇئەللىمىمىز شامنىڭ يېنىشىنى كۆزىتىپ ماقالە يېزىپ كېلىڭلار دېگەن.

— شامنى سېتىۋېلىپ يازمىساڭمۇ...

ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئابلا ئاكا گەپكە ئارىلاشتى:

— بەرگىنە، باشقا يەيدىغان نەرسە ئالىمەن دېمىگەندىكىن.

ئىلهام مەھەللە دوقمۇشىدىكى كىچىك دۇكانغا چىقىپ شامدىن بىر تال سېتىۋېلىپ كىردى ۋە شامغا ئوت يېقىپ زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. شام دەسلەپ ئىس چىقىرىپ سۇس كۆيۈپ بىردەمدىلا يورۇق يېنىپ كەتتى. ئىلهام قاراپ ئولتۇرۇپ كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ يېزىشقا باشلىدى: «شامغا ئوت يېقىلغاندا دەسلەپ قارا ئىس چىقىرىپ، ئاق پىلىكى سۇس كۆيىدىكەن، سەل سېرىق پۇراق چىقىرىدىكەن. ئاندىن شام يېنىپ كېتىدىكەن. شام رەسمىي يانغاندا يالقۇنىنىڭ ئۈستى تەرىپى سۇس قىزىل، ئاستى تەرىپى قارىراق قىزىل بولىدىكەن. شام ئۇدۇللۇق ئېرىپ، بىر تەرەپتىن ئاقسا، بىر تەرەپتىن پىلىككە ماي يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن.»

تاپشۇرۇقلارنى يىغىۋېلىپ ئەتىسى مۇئەللىم خۇلاسە قىلدى.

— تاپشۇرۇقنى ساۋاقداش جۇرئەت ناھايىتى ياخشى ئىشلەپتۇ. شامنى شۇنداق ياخشى كۆزىتىپتۇ. يازغانلىرى شۇنداق چۈشىنىشلىك ۋە راۋان.

مۇئەللىم شۇنداق دەپ جۇرئەتنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ماقالە ئوقۇلغاندا ئەھۋالدىن خەۋەردار بەزى بالىلار جۇرئەتكە قاراپ كۈلۈشكە باشلىدى. جۇرئەت بولسا ئۇلارغا ھومىيىپ قويدى.

— بەزى ساۋاقداشلار تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل ئىشلىمەپسىلەر. مەسىلەن، ئىلهامنىڭ تاپشۇرۇقى بەك ئاددىي، كۆزىتىشى خاتا بولغان.

بۇنى ئاڭلىغان ئىلهام قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مۇئەللىم، مەن شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ كۆزەتكەن.

— ياخشى كۆزەتمەپسەن، — دېدى مۇئەللىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — شۇمۇ كۆزىتىش بولدىمۇ، قارىقويۇق يېزىۋېرىپسەن. شامنى «يورۇق يېنىپ كەتتى» دەپسەن، شام ياندىغان لامپۇچكىمۇ - يە؟

بۇ گەپ بىلەن ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىلهام يىغلىغۇدەك بولۇپ ئارانلا ئولتۇرۇۋالدى.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن جۈرئەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاداش، بۇ مۇئەللىمنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بولغاندىكىن، بىز قىلغاندەك قىلساڭلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى. ئەمما ئىلهام لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

## 2. قەلبلەرنى ئويغىتىش

هاۋاگۈل مۇئەللىم ئەترەت پائالىيىتىدىكى يېڭى بىر ئىش ئۈستىدە پىلان تۈزۈپ ئولتۇرغاندا، ئىشخانىغا ياقۇپ مۇئەللىم كىرىپ كەلدى.

— قانداق سىڭلىم، بالىلار سىزگە جاپا سالمايۋاتقاندۇ؟ — سورىدى ياقۇپ مۇئەللىم كۆيۈمچانلىق بىلەن.

— ياق، بەك ياخشى بالىلار ئىكەن، — دېدى هاۋاگۈل مۇئەللىم خۇشال بولۇپ.

— نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىسىز؟

— سىنىپىنىڭ تام گېزىتىنى ئىشلەشنى ئويلىشىۋاتقانىدىم.

— ياخشى ئويلاپسىز سىڭلىم، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشى

پايدىلانساق ئۇنۇمى چوڭ بولىدۇ.
— قاراپ باقسام سىنىپتىكى بەزى بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق ماقالىلىرى شۇنداق ياخشىكەن. مەسىلەن، جۇرئەت مەكتەپ، سىنىپتىكى ئىشلارنى، يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق يازىدۇ. شۇنداق بالىلارغا ئىلھام بولسۇن دەپ ئويلىدىم.
— توغرا گەپ قىلدىڭىز، تورلۇك ئۇسۇللار بىلەن بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتمىساق بولمايدۇ. سىنىپىڭىزدىكى ئىلھام دېگەن بالىنىڭمۇ زېھنى ئوچۇق، تەپەككۇرى ياخشى.
— بەك ئورۇنلۇق پىكىر قىلدىغان ئوقۇغۇچى ئۇ. ماتېماتىكا دەرسىگە بەك كۆچەيدۇ. ئەدەبىيات تاپشۇرۇقىنى ئەستايىدىل ئىشلىسىلا ياخشى ئىشلەيدۇ. بەزى مەشىق ماقالىلىرىگە ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ.
— بولسا شۇ بالىنى ئوبدانراق يېتەكلەپ قويۇڭ، كېيىنچە ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايدىغان ئوقۇغۇچى بولىدۇ.
— بولىدۇ مۇئەللىم، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم قايىللىق بىلەن.
— يەنە بىر ئىش، — دېدى ياقۇپ مۇئەللىم جىددىي تەلەپپۇز بىلەن، — بالىلار كېلەر يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىڭ.
شۇ چاغدا ئىشخانىغا ئەترەت باشلىقى كىرىپ قېلىپ گەپ ئۈزۈلدى.
ئەترەت پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ قالغان چاغ بولۇپ، ساۋاقداشلار ئەترەت باشلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەترەت

باشلىقى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ھەم ئەدەبىيات ئوقۇت-
قۇچىسى ھاۋاگۇل مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كې-
تىپ، نېمىشقىدۇر تېخىچە چىقمايۋاتاتتى.

ساۋاقداشلار ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن ئىشخانا ئىشى-
كىگە قارىشىپ تۇرغان چاغدا، ئېگىز بويلۇق ئەترەت باشلىقى
بىر ئاز ئورۇقراق كەلگەن، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن
ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ھاۋاگۇل مۇئەللىم بى-
لەن چىقىپ كەلدى.

ئەترەت باشلىقى ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ساۋاقداشلار، ئەترەت پائالىيىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا
مۇئەللىمنىڭ بىزگە دەيدىغان سۆزى بار ئىكەن، —
دېگەنىدى، ساۋاقداشلارنىڭ نەزىرى ئەترەت باشلىقىدىن يې-
قىملىق كۇلۇمسىرەپ تۇرغان ھاۋاگۇل مۇئەللىمگە
يۆتكەلدى.

ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئىچىدە بىر
قۇر تەكرارلاۋاتقاندەك بىر پەس تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— ساۋاقداشلار، — دېدى يېقىملىق ئاھاڭدا، —
ئەترەت پائالىيىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ جانلىق ئۆت-
كۈزۈش ئۈچۈن، سىنىپتا بىر قارا دوسكا گېزىتى ئىشلى-
سەك. دېگەن تەكلىپنى بەرمەكچىمەن، ئەسلى بۇ ئىش
بۇرۇنلا مەكتەپنىڭ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى تەرىپىدىن بې-
كىتىلگەنىدى. بىراق مەلۇم سەۋەبلەر تۇپەيلى مەكتەپ بويى-
چە بىرمۇ سىنىپ بىرەر سانمۇ تام گېزىتى چىقىرالمىدى.
يېقىندىن بۇيان بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ، ھېچ ئارام
بەرمىدى. ئاخىر بۇنى سىلەرگە مەسلىھەت سېلىش قارارىغا
كەلدىم. قانداق بولامدۇ؟

ساۋاقداشلار خوددى بۇ سۆزنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان-دەك ھەيرانلىق ھەم ئەجەبلىنىش ئارىلاشقان ھاياجان ئىچىدە بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، تەڭلا ۋارقىراشتى:

— قوشۇلىمىز!

ئارقىدىنلا ياڭرىغان قىزغىن چاۋاك ساداسى مەيداننى بىر ئالدى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم ساۋاقداشلار بىر ئاز تىنجىغاندىن كېيىن:

— بىراق بۇ ئىشنى يالغۇز قىلىپ كېتەلمەيمەن ھەم داۋاملىق ئىشلىيەلمەيمەن، — دېدى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — شۇڭا بۇ ئىشنى ئارىمىزدىكى ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ھەم بىر نەرسىلەرنى يېزىپ مەشىق قىلغان بىر ئوقۇغۇچى ۋە خېتى چىرايلىق ئىككى ئوقۇغۇچى ئىشلىسە، مەن ۋە باشقا ساۋاقداشلار ياردەمدە بولساق.

ساۋاقداشلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرىدە «كىمنى قىلساق بولار» دېگەنلەرنى ئويلىشىپ بىر - بىرىگە ئۇنسىز قارىشىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بۇ ئىشقا ئالاھىدە قىزىقىۋاتقانلىقى ۋە «چاققانراق ئىش باشلىساقكەن» دېگەن تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلاردىكى بالىلارچە خىيال ئۇ-لارنى ھاياجانغا سالغانىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم يەنە سۆز ئېلىپ، — بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئوقۇ-غۇچى بار، ئۇنىڭ قىزىقىشى بار، ئەدەبىيات تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندىشى ياخشى، مەشىق قىلىپ يازغان ماقالىلىرىمۇ ياخ-شى، مەن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپىمىزنىڭ قارا دوسكا گېزىتىنى ياخشى چىقىرىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بۇ ئوقۇغۇچى بىرىنچى كىچىك ئەترەت باشلىقى جۇرئەت.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىلا ئىختىيارسىز ھالدا رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق تۇرغان ئوتتۇرا بوي، ئوينىاق كۆزلىرىدىن شوخلۇقى چىقىپ تۇرغان، بۇغداي ئۆڭ جۇرئەتكە قاراشتى. جۇرئەت خۇددى خاتا ئاڭلاپ قالغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقانچە مۇئەللىمگە قاراپ قالغاندى.

— قانداق جۇرئەت، ئىشلەپ كېتەلەمسىز؟

جۇرئەت چۆچۈپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى:

— بولىدۇ، بىراق باشقىلارمۇ ياردەم قىلسا، — دېدى.

— بۇنىڭدىن سىز غەم قىلماڭ، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم ساۋاقداشلارغا تەكشى قاراپ چىقىپ، — ساۋاقداشلار ئەمدى سىلەرگە مۇنداق بىر تەلىپىم بار. ھەر بىرىمىز كېلەر دۈشەنبىگىچە بىر پارچىدىن ئەسەر يېزىپ كەلسەك، شېئىر بولسىمۇ، سىنىپىمىزدىكى، مەھەللىمىزدىكى ياخشى ئىشلار يېزىلغان ماقالە بولسىمۇ بولىدۇ، ئۇنى جۇرئەت كۆرۈپ بولىدىغانلىرىنى بېكىتىپ ماڭا بېرىدۇ، مەن بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ، تاللاپ تۈزىتىپ بەرسەم، كېيىنكى جۈمەگىچە بىرىنچى سان گېزىتنى چىقىرالامسىلەر.

ئەمدى ساۋاقداشلار مۇئەللىمنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ۋارقىرىدى:

— چىقىرىمىز.

— ياخشى، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم خۇشال ھالدا، — باشقا گەپ يوق.

كۈن خېلىلا قىيسىيىپ قالغان بولۇپ، خۇددى ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك شارغا ئوخشاپ قالغاندى.

ساۋاقداشلار قارا دوسكا گېزىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يازىدىغان نەرسىلىرى توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىپ دەرۋازىدىن

چىقىشقا باشلىدى.

— ئىلھام، — دېدى ئالدىدىراق كېتىپ بارغان بىر بالا يېنىدىكى ئىلھامغا، — مەن مەكتەپ توغرىسىدا شېئىر يازايمۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن ئاداش، — دەپ كۈلدى ئىلھام، — قايسىسىنى ئەپلەشتۈرەلىسەڭ شۇنى ياز.

— ھەي، ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن، ياكى خورىزىم توغرۇ-لۇق يازايمىكىن...

— ئىلھام ئاداش، ئەمدى تازا يازىدىغان بولدۇڭدە، — دېدى يەنە بىر بالا.

— راست، ئەمدى مەنمۇ يېزىشنى مەشىق قىلسام بول-غۇدەك، — دېدى ئىلھام ئويلىنىپ تۇرۇپ.

— ئىلھام سەن يازىدىغان بولساڭ ھەممىمىزدىن ياخشى يازىسەن، — دېدى بىر بالا چاقچاقىقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا.

بۇ گەپكە ئىلھام ۋە باشقىلار كۈلۈپ كېتىشتى.

بىراق، بۇ گەپلەردىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن «مۇئەللىم-نىڭ مېنى بەلگىلەپ قويغىنىنى؟ ئەمدى مەن بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ كېتەلەمەنمۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتقان جۈرئەتنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. «ئەدەبىيات تاپشۇرۇقى-دىن باشقا تۇزۇكرەك بىر نەرسە يېزىپ باققان بولسى-چۇ، — دەپ ئويلىدى ئىختىيارسىزلا جۈرئەت، — ئەمدى كېلىپ ھەممەيلەندىن ئېشىپ چۈشسەن دېسە، ئۇنىڭ كۈلۈ-ۋاتقىنىنى. تووۋا ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى، يا ئۇ ماڭا چىدىمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئۇ گېپى مۇشۇ يەردىلا قالىدۇ. كۆرىمىز...»

جۈرئەت ئۆزىدىن ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەن ساۋاقداش-

لىرىنىڭ ئارىسىدا بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىۋاتقان ئىلھامغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، يولىغا راۋان بولدى…

## 3. سەبىي ئىلھاملار

سىنىپ بويىچە ئەدەبىياتقا قىزىقىپ يۈرگەنلەر ئاساسەن ئىلھام بىلەن جۈرئەت ئىدى. ئۇلاردا بۇ ھەۋەس قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقىنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ بىر چاغلاردىن باشلاپ دەرسلىك كىتابتىكى شېئىرلارنى ياد-لايدىغان ھەمدە تېكىستلەرنى قويماي ئوقۇيدىغان بولدى. كېيىنچە مۇئەللىم ئۇلارغا دەرسلىك كىتابتىكى گوركىينىڭ زومىگەر تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ بەدىنىگە قىرىق ئىككى تال تىكەن كىرىپ كەتكەندە «ماڭا كىتاب ئوقۇشقا رۇخسەت قىلسا، بۇ ئىشنى ئەرز قىلمايمەن» دېگەنلىكى ھەققىدىكى تېكىستنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇلاردا: «گوركىي ئەجەب باتۇر ئادەمكەن. ئۇنىڭ شۇنچە قىلغىنىدەك كىتاب شۇنچىۋالا ياخ-شى نەرسىمىدۇ» دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئويلاشقانىدى. كې-يىن مۇئەللىم: «كىتاب دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسى-لەرنىڭ بىرى، كىتاب ئارقىلىق دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلگى-لى، چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇڭا گوركىيدەك كىشىلەر كى-تابقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى ھەم قەدىرلەيتتى» دېگىنىدە ئۇلار بۇرۇنقى دەرسلىك كىتابلىرىنىمۇ بىر قۇر كۆرۈپ چىققان ۋە «كۆكلەش»، «ئالتۇن چىش»، «بۇزغۇنچى»، «سىلىق سۆز»، «ئۆمەرنىڭ دوستلۇقى»، «ھۆرمەت»، «قاسىمنىڭ دەپتىرى»، «دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى» قاتار-لىق ھېكايە - شېئىرلارنى ئەسلىرىدە چىڭ ساقلاشقانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ۋە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇشتەرى بولدى ھەم ھەر بىر ساندىكى ئەسەرلەرنى قويماي كۆرۈپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېزىقچىلىققا بولغان بىر خىل قىزىقىش ۋە ھەۋەس باش كۆتۈردى.

بىراق، كېيىن ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىققا كىرىشىشى ئوخشاشماي قالدى. يەنى جۇرئەت بۇرۇن قەلەم تەۋرەتتى. جۇرئەتنىڭ ئاتىسى ياسىن ئاكا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەم خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئاپتورلاردىن ئىدى. جۇرئەتكە ئەلۋەتتە ياسىن ئاكىنىڭ تەسىرى سىڭمەي قالمىدى. چۈنكى جۇرئەت كىچىكىدىلا ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ ياسىن ئاكىنىڭ يازغان نەرسىلىرىگە خۇددى بىلىدىغاندەك قاراپ كېتەتتى ۋە ھەرخىل سوئاللارنى سورايتتى. ياسىن ئاكا بالىسى چۈشەنمىسىمۇ زېرىكمەي بىر نەرسىلەرنى دەپ سۆزلەپ كېتەتتى، مانا مۇشۇنداق ئائىلە شارائىتى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى تۈپەيلى جۇرئەت 5 ـ يىللىقنىڭ كېيىنكى مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا قىسقا، ئاددىي شېئىرلارنى ئاساسەن قاپىيىسىنى كەلتۈرۈپلا يېزىپ مەشىق قىلىشقا چۈشتى. ياسىن ئاكىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ياردەم بېرىپ تۇرغاچقا 6 ـ سىنىپقا چىققاندا قاپىيە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن خېلى ئىلگىرىلىگەن شېئىرلارنى يازىدىغان بولغانىدى.

بىراق ئىلھامچۇ؟

گەرچە ئۇ ياقۇپ مۇئەللىم بەرگەن كىتابلارنى ئوقۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە خېلى ئىشتىياق باغلىغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن كۇپايىلەندى. بىرەر مۇ-

ئەللىمنىڭ يېتەكلىشىمۇ بولمىدى. ئاتىسى گەرچە ئىلغار ئىدىيىلىك دېھقان بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ قولىدىن شېئىر يېزىش ئەمەس، ھەتتا گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى شېئىرلارنى ئوقۇشىمۇ كەلمەيتتى. بىرەر چۆچەكنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. بۇ جەھەتتە بەزىدە ئابلا ئاكا ئۆزىدىن ئەپسۇسلىنىپمۇ قالاتتى. پەقەت شەھەرگە بارغاندا ئوغلىغا بىرەر پارچە باللار كىتابى ئەكېلىپ بېرىش بىلەن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئىلھام مۇشۇ چاققىچە ئەدەبىيات تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشتىن باشقا، شېئىر ـ تەسىرات ماقالىلىرىنى يېزىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، بەلكى شېئىرلارنى يادلاپ، دەپتىرىگە كۆچۈرۈپلا يۈردى.

مانا ئەمدى ئىلھام ئاشۇ قارا دوسكىنىڭ گېپى چىققاندىلا يېزىشنى ئويلىدى ھەم يازماقچى بولدى. بىراق بۇ چاغدا جۇرئەت ئىلھامغا قارىغاندا «پىشقەدەم» لەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىلھاممۇ بەزىدە جۇرئەتنىڭ يازغانلىرىغا قايىل بولاتتى...

شۇنداق بولغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ھېلىقى سۆز جۇرئەتنى خاپا قىلىپ قويدى. جۇرئەت ئۆيگە بېرىپمۇ شۇ گەپ ئۈستىدە ئىختىيارسىز ئويلاندى. «سەن ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتەلمەيسەن، — دەيتتى جۇرئەت ئۆز ـ ئۆزىگە، — مۇئەللىم بىكار بۇ ئىشقا مېنى مەسئۇل قىلىپ قويمىدى. دېمەك، بۇ سېنىڭ ماڭا يەتمەيدىغانلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ.»

نېمىشقىدۇر جۇرئەت كېيىن شۇنداق ئويلاپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ھازىر باشقىچىلا بىر ئادەم — بىرەر چوڭ

ئىشنى قولىدا تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىغان-دى. ئۇ بۇنى ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپلا ئانچە - مۇنچە ھېس قىلىپ قالغانىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بۇ ئوي جۇرئەتنى مۇئەللىم ئۇ ئىشقا مەسئۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىلا جۇرئەتتە پەيدا بولغان خۇشاللىق ۋە ھاياجان-غا ئارىلىشىپ غىل - پال ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى.

جۇرئەت ئەنە شۇنداق بىر خىل سېزىم ئىچىدە ئىلھام-نىڭ گەپلىرىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ شېئىر يېزىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالدى.

بىراق ئىلھام ھېلىقى سۆزلەرگە ئانچە پەرۋامۇ قىلىپ كەتمىدى، ھەتتا ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچىلا ئۇنتۇپ كەتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى «قاچانلاردا مەنمۇ ياخشى نەرسى-لەرنى يازىدىغان بولۇرمەن…» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىلھام جۇرئەتنىڭ ئۆزىدىن خاپا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئىلھام ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تامىقىنى يەپ بولۇپلا، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئويلاندى: «نېمە يازسام بولار، كىچىكرەك ماقالە يازايمۇ ياكى نەسر يازايمۇ؟…» ئۇ خېلى-غىچە ئويلىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ مۇۋاپىقراق ۋەقەلىك تاپال-مىدى. تاپقانلىرى باشقا ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن ئوخ-شاش بولۇپ چىقتى. نەسرىنىغۇ ئۇ پەقەت قاملاشتۇرالمىدى. «ئېھ، ئۇستاز، بۇ نېمىدېگەن شەرەپلىك نام - ھە» دەپ باشلاپ باققان بولسىمۇ، كەينىدىن نېمىدەپ يېزىشنى بىلەل-مىدى. كېيىن ئۇ شېئىر يېزىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا شېئىر يېزىش، خېلى ئاسان بىلىنىدى. ئۇنىڭ يادلى-

غان شېئىرلىرى خېلى بار ئەمەسمۇ.
بىراق بۇمۇ ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمىدى. كەچ كىرگۈچە ئاران بىر كۇپلېت يازالىدى. يازغىنىنى ئوقۇپ كۆڭلى يې-رىم بولغانىدى.
شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ئاتىسى ئابلا ئاكا كىرىپ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇدى:
— ئوغلۇم مەن هازىر بىر مېيىت نامىزىغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم. سەن ماللارغا سۇ بېرىۋەتكەن بولساڭ.
ئاتىسى ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئارقىغا ياندى. بېشى قېتىپ ئولتۇرغان ئىلهام بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىرتقا ماڭدى. قولىغا چېلەكنى ئالغاندا بايىقى باش قېتىقى تۈگەپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بىر - بىرىنى ئۇسۇشۇپ، قىستى-شىپ، تالىشىپ سۇ ئىچىۋاتقان قويلارغا قاراپ تۇرۇپ كەت-تى. بولۇپمۇ ئالدىدا سۇ ئىچىۋېلىپ، ئەمدى شوخلۇق قى-لىپ قوتان ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ ئويناقشىۋاتقان ئاق پاقلان ئۇنىڭ زوقىنى قوزغىدى. پاقلاننىڭ قىلىقلىرى بەك ئوماق ئىدى. «مۇشۇ پاقلان توغرۇلۇق يازايمۇ يە؟ — دەپ ئويلىدى ئىلهام يەنە شۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ، — ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىنى، مەرەشلىرىنى يازسام...»
ئىلهام دەرهال ئۆيگە كىردى ۋە دەپتىرىنى ئېلىپ يې-زىشقا تۇتۇندى:

ئاق پاقلىنىم، ئاق پاقلان،
قىلىقلىرىڭ بەك ئوماق.

ئۇ يادلىغان بېلىق، خوراز، قارلىغاچ هەققىدىكى شې-

ئىرلار مۇشۇنداق باشلانغانىدى. ئەمما ئىلھام ھەرقانچە ئۇي-
لاپمۇ قالغان مىسرالارنى قاملاشتۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ بۇنىمۇ بولدى قىلدى ۋە يەنە نېمە توغرۇلۇق يېزىشنى
ئويلاپ كەتتى. ئاخىر بولماي «جۇرئەتتىن يول سوراپ كې-
لەيمۇ - يە» دەپمۇ ئويلىدى. كېيىن بۇ خىيالىدىن يېنىپ
«نېمىلا بولسا يېزىپ باقاي» دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلدى
ۋە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ «ئۇستاز» ناملىق ئىككى
كۇپلېتلىق بىر پارچە شېئىر يېزىپ چىققان بولدى. ئۇ
ئۆچۈرۈلۈپ، بۇلغىنىپ باشقىچىلا بولۇپ كەتكەن قەغەزلەر-
نى ئوچاقنىڭ يېنىغا تاشلىۋېتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى...

## 4. ئىجاد مېۋىلىرى

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەنلا مەكتەپكە كېلىۋالغان جۇرئەت
سىنىپتا بالىلارنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئاخشام يې-
زىپ چىققان «كىتابىم» ناملىق ئۈچ كۇپلېتلىق شېئىرىنى
دېكلاماتسىيە قىلىپ كۆردى ۋە بەزى سۆزلىرىنى ئۆزگەرت-
كەندىن كېيىن، شېئىرنى كەينى دوسكىغا چاپلاپ قويۇپ،
ئۆزى يىراقتىن كۆرۈپ، سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە «بۇ شېئىرىمنى
چوقۇم دوسكىغا يازىمەن، ئەنە شۇ چاغدا ھەممەيلەن ماڭا
قايىل بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ
شېئىرنى قولىغا ئېلىپ يەنە بىر رەت كۆرۈپ چىققاندىن
كېيىن: «ھەي، ئاتام بولغان بولسا، يەنە تۈزىتىپ بەرگەن
بولسا قالتىس شېئىر بولۇپ كېتەتتى - دە» دېدى ئىچىدە
مەيۈسلىنىپ. بىراق يەنە دەرھاللا: «ھەي، سىنىپتا كىم
بۇنچىلىك يازالايدۇ، ھە راست، ئىلھامنىڭ يازغان نېمىسى
قانداقراق بولغاندۇ؟ ھەرقاچان ئارانلا بىر نەرسە قىلالىغان-
دۇ. شۇ ھالىغا تېخى چوڭ پاراڭ سېلىپ يۈرىدۇ» دېگەنلەر-

نى ئويلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

بىر ئازدىن كېيىن ساۋاقداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن كې-
لىشكە باشلىدى. 10 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقىمۇ هاۋا خېلى
ياخشى بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل هۇزۇر بېغىشلايتتى. سا-
ۋاقداشلار ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئاستىدا مەي-
دانلارنى تازىلاپ بولۇپ، سىنىپقا كىرىپ تۇرۇشقا ئەتىگەن-
لىك مۇزاكىرىگە داڭ ئۇرۇلدى.

باللار جاي ـ جايىدا ئولتۇرۇپ، جىمىققاندىن كېيىن،
جۇرئەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىدىڭلارمۇ؟ ياز-
غان بولساڭلار ماڭا بېرىڭلار، — دېدى. باللارنىڭ ئاز
قىسمى يازغان بولسىمۇ كۆپىنچىسى: «ئەتىگىچە يېزىپ كې-
لەيلى» دېيىشتى.

جۇرئەت يىغىپ كېلىپ، ئىلهامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە،
ئىلهامغا: «قېنى، سېنىڭ يازغىنىڭنى كۆرۈپ باقايلى» دې-
گەندەك قاراپ قويۇپ، ئىلهامنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئال-
دى. ئىلهام جۇرئەتكە خىجىل بولغاندەك قاراپ:

— جۇرئەت ئاداش، ئاخشام مىڭ بىر مۇشەققەتتە يېزىپ
چىقتىم. كۆرۈپ تۈزىتىپ بېرەرسەن، — دېدى. جۇرئەت
خۇشياقمىغاندەك:

— قاراپ باقايلى، — دېدى چوڭ كىشىلەردەك تەلەپ-
پۇزدا. ئىلهام جۇرئەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ هەيران بولغان-
دەك جۇرئەتكە قاراپ قويدى.

چۈشتە جۇرئەت ئۆيىگە كېلىپ تاماقنى يەپ بولۇپلا
باللاردىن يىغقان ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ كۆپىنچىسى شېئىر يازغانىدى. يەتتە ـ سەككىز-
دەك ئوقۇغۇچى نەسر يازغانىدى. جۇرئەت هەممە ساۋاقداش-
لىرىنىڭ يازغانلىرىنى دېگۈدەك ئەستايىدىللىق بىلەن كۆ-
رۈپ چىقتى ۋە ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان يەتتە پارچە شېئىر،

ئۈچ پارچە نەسر جەمئىي ئون پارچە ئەسەرنى تاللىدى. ئەلۋەتتە، ئەڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ شېئىرى بار ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ قېتىمقى يىغىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە جورئەتنىڭكىگە يېتىدىغىنى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن جورئەت مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى.

جورئەت ئىلھامنىڭ شېئىرىنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھەي، مۇشۇمۇ شېئىرمۇ، — دېدى بېشىنى چايقاپ. ئىلھامنىڭ يازغىنى راستتىنلا قاملاشمىغانىدى. بىراق ئۇنىڭ پىكرى كىشىنى ئازراق بولسىمۇ جەلپ قىلاتتى. جورئەت بۇنى ھېس قىلىپ: «ھەي ئىسىت، ئىلھام كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بۇ پىكىرنى قانداق ئويلاپ تاپقاندۇ» دەپ ھەيرانمۇ بولدى.

ئىلھامنىڭ ئۇ شېئىرى بىرىنچى قېتىمدىلا شاللىنىپ كەتكەنىدى. «مۇشۇ نېمەڭگە چوڭ پاراڭ سېلىپ يۈردىڭمۇ، — دېدى جورئەت ئىلھامنىڭ شېئىرىغا مەسخىرىلىك قاراپ، — ناۋادا مېنىڭكىدەك يېزىۋەتسەڭ بىر ئىش ئىكەندۇق. بىراق ئەمدى ماڭا يېتىشىڭ بىر گەپتە...»

جورئەت كۆپ ئويلىنىپ تاللىغان ئەسەرلەردىنمۇ تاللاپ ئاخىر ئۈچ پارچە شېئىر ۋە ئىككى پارچە نەسرنى مۇقىم قىلدى. ئاندىن كۆپ ئويلىنىپ تۇنجى سان تام گېزىتىگە ئۆزىنىڭ شېئىرى بىلەن ئۆگىنىش ھەيئىتىنىڭ نەسرىنى چىقىرىشنى ئويلىدى، ئويلىغانلىرىنى ھاۋاگۇل مۇئەللىمگە ئېيتتى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم:

— ساۋاقداشلارنىڭ قىزغىنلىقى مېنى رازى قىلدى، — دېدى ۋە ھېلىقى بەش پارچە ئەسەرگە ئانچە - مۇنچە تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن جورئەتنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# 5. تۇنجى سان تام گېزىتى

جۈمە كۈنى مۇزاكىرە ۋاقتىدا ساۋاقداشلار تۇنجى قېتىم چىقىرىلغان قارا دوسكا گېزىتىنى قىزىقىپ كۆردى ۋە بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. بولۇپمۇ باشقا سىنىپنىڭ بالىلىرى كەينى - كەينىدىن كىرىپ، قارا دوسكا گېزىتىنى كۆرۈپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشلىرى ئۇلارنى بەك خۇش قىلدى ھەم سۆيۈندۇردى. بولۇپمۇ جۇرئەت بەك خۇشال بولۇپ، پات - پات ئۆزىنىڭ «كىتابىم» دېگەن شېئىرىغا قاراپ قوياتتى.

بىرىنچى سائەتلىك دەرس ئەدەبىيات بولۇپ، ھاۋاگۈل مۇئەللىم سىنىپقا كىردى. ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.



— ساۋاقداشلار، — دېدى ھاۋاگۈل مۇئەللىم خۇشاللىقىنى باسالماي ھاياجانلانغىنىدىن، — بىز مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇ گېزىتنىڭ ياخشى چىققانلىقىنى ماختىشىۋاتىدۇ. يەنە بىر گەپ ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ئارىلىقىدا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار كىرىپ كۆرمەكچى بولۇشتى. ساۋاقداشلار مەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئىلھام چاۋاك چېلىۋېتىپ شېئىرنى جۇرئەتكە بەرگەنلىكىگە بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلدى. ئۇ جۇرئەتنىڭ شېئىرىنى كۆرۈپلا، جۇرئەتنىڭ شېئىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يازغىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. «قارا جۇرئەتنىڭ شېئىرىنىڭ ياخشىلىقىنى، — دەپ ئويلىغانىدى ئىلھام شۇ چاغدا، — ئادەم ئوقۇسا ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. ھەي، مەنمۇ جۇرئەتتەك يازىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسام... نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق مەشىق قىلمىغاندىمەن...»

چۈشتىن كېيىن ئىلھام «جۇرئەتتىن ياخشىراق بىر پىكىر ئېلىپ باقاي» دېگەن ئوي بىلەن جۇرئەتنىڭ ئۆيىگە باردى. جۇرئەت يېڭى كەلگەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىلھامنى كۆرۈپ خېلى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئىلھام بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئاداش، ئويلاپ باقسام مېنىڭ يازغان شېئىرىم ئانچە كاملاشماپتۇ. شۇڭا سەندىن ئۆگىنەي دەپ كېلىشىم. سەن شېئىرىمنىڭ بولمىغان تەرەپلىرىنى بىر كۆرسىتىپ بەرگەن بولساڭ، — دېدى. جۇرئەت بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ

ئورنىدىن تۇردى. بىراق ئۇ سومكىسىدىن ئىلھامنىڭ شېئى-
رىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ بايىقىدەك قىزغىن ھالىتىدىن بىر
ئازمۇ ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ئۆزىگە تولىمۇ ياسالما ھالەتنى
پەيدا قىلغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ ئېنىق
ئىپادىلەندى.

— ئاداش، قارا، بىرىنچى كۇپلېتتىكى ئىككى مىسرانى
قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن.

ئۇ سۆزدىن توختاپ ھېلىقى ئىككى مىسرانى ئوقۇدى:

ئېھ سۆيۈملۈك ئۇستازىم،
بىزگە بەك كۆيۈنىسەن.

ئۇنىڭ سۆزلىشىمۇ ھېچ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى،
بەلكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان
ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشايتتى:

— بۇنى قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن، مۇئەللىم
دېدىغۇ، شېئىردا خەۋىرى بېشىدا، ئىگىسى كەينىدە كېلىدۇ
دەپ، سەن كۆپرەك مەشىق قىلساڭ بولغۇدەك...

جۇرئەت مۇشۇ يەردە سۆزدىن توختىدى. ئەسلىي:
«... ئاندىن ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئۇتۇپ كېتىسەن» دېمەك-
چى ئىدى. بىراق ئۇ بۇنداق دېسە بولمايدىغانلىقىنى دەرھاللا
ھېس قىلدى ۋە دېمەكچى بولغان گەپنى ئۆزگەرتىۋەتتى:

— ئاندىن ياخشى يازالايسەن...

جۇرئەت ئىلھامغا شۇ ھالدا خېلى كۆپ «دەرس» سۆز-
لىدى.

ئىلھام ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ راستىنلا كۆپرەك

مەشىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆپ ئويـ
لىنىش ئارقىلىق ھەر كۈندە بىر پارچە شېئىر ئوقۇشنى ۋە
ھەپتىدە بىر پارچە ماقالە يېزىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش
قارارىغا كەلدى.

## 6. ئىلھامبەخش خىياللار

ساۋاقداشلار ئەمدى جۇرئەتنى «تەھرىر» دەپ ئاتىشىدىـ
غان بولۇۋېلىشتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى كوچىدا بولسۇن،
مەكتەپتە بولسۇن ياكى سىنىپتا بولسۇن چاقچاقتىن ياكى
راستتىنلا «تەھرىر» دەپلا چاقىرىدىغان بولدى. بىرەر نەرسە
يازسا «تەھرىر كۆرۈپ باقسۇن» دەپ يازغان نەرسىسىنى
جۇرئەتنىڭ قېشىغا ئەكېلىدىغان بولدى.

«تەھرىر» دېگەن گەپنىمۇ ھاۋاگۇل مۇئەللىم تاپقانىـ
دى: بىر قېتىم سىنىپ يىغىنى ئېچىلغاندا، ھاۋاگۇل مۇـ
ئەللىم سۆزلەپ قارا دوسكا گېزىتى ئۇستىدە توختالغاندا،
گېزىتنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بالىـ
لارنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنىڭمۇ ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى
خۇشاللىنىپ سۆزلىگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا:

— بولۇپمۇ جۇرئەتنىڭ جۇرئىتى ياخشى، ئۇ گېزىتنىڭ
ياخشى چىقىشى ئۈچۈن خېلى كۆپ كۈچ چىقاردى، تىرىشـ
تى. ئۇ ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، بىز ئۇنىڭدىن
ئۆگىنىشىمىز كېرەك، — دېدى ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ، —
بىزنىڭ بۇ «تەھرىر» ىمىز مېنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىلىۋاتىـ
دۇ، — دېدى جۇرئەتكە قاراپ.

باللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. جۇرئەتمۇ

بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلدى ۋە پەسكە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

تەنەپپۇسقا چىقىپلا بالىلار ئۇنى «تەھرىر» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. باشتا جۇرئەت قىزىرىپ، تاتىرىپ تۇردى، كېيىن: «مەن بۇ گەپتىن خاپا بولماي پەخىرلەنسەم بولىدۇ جۇمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، شۇنداق دەپ ئاتىغانلارغا كۈلۈپ قاراپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ «تەھرىر» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىسمى بولۇپ قالدى.

ئىلھامىمۇ بۇ كۈنلەردە خېلى ئىلگىرىلەپ قالدى. يازغانلىرىنى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدىكى شېئىرلار بىلەن ياكى جۇرئەتنىڭ شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بارا ـ بارا شېئىر ۋە ماقالىلىرىدىكى نۇقسانلارنى ھېس قىلالايدىغان ۋە تۈزىتەلەيدىغان بولدى.

گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر ئۇنى بۆلەكچىلا جەلپ قىلىۋالاتتى. قايتا ـ قايتا ئوقۇغۇسى كېلەتتى. ئوقۇسا بىر خىل ئازادىلىك ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى ھېس قىلاتتى. بىكار قالغان چاغلىرىدا گېزىت ياكى ژۇرنالنى يېنىدىن ئېلىپ ئوقۇپلا تۇراتتى. بەزىدە ئۆرىچە دېكلاماتسىيە قىلىپمۇ چىقاتتى. «بۇنداق شېئىرلارنى يازغان بالىلار قانداق ـ راق بالىلاردۇ، — دەپ ئويلايتتى ئىلھام بەزى چاغلاردا، — ئۇلارمۇ بىز بىلەن ئوخشاشلا سىنىپتا ئوقۇيدىكەنغۇ. ئەمىسە بىز نېمىشقا يازالمايمىز؟ بۇنىڭدىكى گەپ نەدە؟ نېمىشقا بەزى شېئىرلارنى مۇنداقلا ئوقۇپ قويساق، بەزى

شېئىرلارنى ئوقۇغىمىز كېلىپلا تۇرىدۇ؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ ھەي، بىز قاچانمۇ شۇنداق شېئىرلارنى يازىدىغان بولارمىز...»

ئىلھام ئاخىر يەنە خۇرسىناتتى، يازغان نەرسىلىرىنى بىر تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئوقۇپ چىقاتتى. ھېلىقى شېئىرلار ئۇستىدە ئويلىناتتى، ئۆزىنىڭمۇ نېمىشقا شۇنداق شېئىرلارنى يازالمىغانلىقىغا ئاغرىناتتى، كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇ «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئاشۇنداق شېئىردىن بىرنى ئوقۇپ تۇرالمايلا قالدى. ھەربىر مىسرانى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدى. كوپىيىسى ئۇستىدىمۇ ئويلاندى. ئۇ شېئىرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راۋانلىقى ھەم مەزمۇنىنىڭ شۇنچىلىك ماسلىشىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى. «نېمىدىگەن نوچى شېئىر، — دەۋەتتى ئىلھام ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، — مۇشۇنداق شېئىردىن بىرەرنى يېزىۋالسامچۇ؟ مۇشۇ شېئىرنى يازغان بالا گېزىتنى كۆرۈپ قانچىلىك خۇشال بولغاندۇ ـ ھە! يەنە قانچىلىغان بالا بۇ شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇۋاتىدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يازغان بالىلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلەشكىلى بولسا، ئۇلاردىن بۇ شېئىرلارنى قانداق يازغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالسا...»

ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن خېلى ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ مۇشۇنداق ياخشى شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋالغان خاتىرىسىنى ئېلىپ بىر باشتىن ئوقۇپ چىقتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە باللارچە خىيالغا ئەسىر بولدى: «ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ مەزمۇنى يېڭى بول-

غانىنىڭ ئۇستىگە سۆزلەرنى ئىشلىتىشى جايىدا، مىسرالىرد-
مۇ راۋان ئىكەن. شۇنداق بولسا شېئىر ئاشۇنداق چىقماي
قالامدۇ؟…» ئىلھام شۇلارنى ئويلاپ بەك خۇش بولۇپ كەت-
تى. ئۇ ئەمدى ئۆز ۋۇندىن بۇيان ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشنىڭ
تەكتىگە يەتكەندەك بولغانىدى. «كۆپرەك مەشىق قىلسام
بولغۇدەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مۇشۇنداق بىرەر مەز-
مۇننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوقۇم ياخشى شېئىرلارنى يازالاي-
مەن…»

ئۇ ھېلىقى شېئىرنىمۇ خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالدى ۋە:
«مۇنداق شېئىرلارغا قارىتا جۇرئەت قانداق ئويلاۋاتىدىكىن»
دەپ ئويلاپ قالدى ۋە جۇرئەتنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشنى
ئويلىدى.

ئۇ جۇرئەتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، جۇرئەت كارىۋاتتا
جىمىدە ياتاتتى. ئۇ ئىلھامنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئىلھام.

— ھېچنېمە، — دېدى جۇرئەت، — نېمە يېزىش توغرۇ-
لۇق ئويلىنىۋاتقانىدىم.

بايا ئىلھام كۆرگەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىد-
دىن بىرسى ئۇستەلنىڭ ئۇستىدە تۇراتتى. ئىلھام گېزىتنى
قولىغا ئېلىپ ھېلىقى شېئىرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— جۇرئەت، بۇ شېئىرنى ئوقۇغانسەن، — دەپ سورىد-
دى. جۇرئەت مۇنداقلا قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— مۇنداق شېئىرلارنى يازماق تەس، يېزىپ باقاي دەپ
ھېچ قاملاشتۇرالمىدىم، — دېدى. ئىلھام جۇرئەتنىڭ سۆزد-
نى ئاڭلاپ بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:



— مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلاۋاتقىلى خېلى بولدى، — دېدى، — بۈگۈن شېئىرنى كۆرۈپ مۇنداق ئويلاپ قالدىم. بۇ شېئىرلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى يېڭى ھەم ئىپادىلىنىشى ياخشىكەن. شۇڭا ئادەمنىڭ ئوقۇغۇسى كېلىپ تۇرىدىكەن.

بۇ گەپ جۇرئەتكە ياقمىدى. «ماڭا دەرس ئۆتمىسەڭمۇ بولار، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — تۈزۈكرەك بىر نەرسە يازالماي تۇرۇپ، ماڭا ئۆگىتىمەن دېگىنىڭ پوچىلىق بولماي نېمە...»

ئىلھام جۇرئەتنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە سۆزلىدى:

— ئاداش قارا، بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى راۋان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپىيىسىنىڭ كېلىپ كەتكىنىنى دېمەمسەن. بۇلار مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقىغا قوشۇلۇپ شېئىرنى شۇنداق نوچى

قىلىۋەتكەن.

گەرچە بۇ گەپ جۇرئەتكە ئورۇنلۇق بىلىنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يەنە ئىلھامنىڭ ئۇ گېپىگە قوشۇلغۇسى كەلمىدى. ئۇنى نېمىشقىدۇر ئىلھامنىڭ گەپلىرى تىت - تىت قىلىۋاتاتتى.

— لېكىن يەنىلا كۆپ مەشىق قىلمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى جۇرئەت ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، بىراق ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇرىۋەتتى، — نېمىلەرنى يېزىۋاتىسەن؟

— شېئىر، ھەر كۈنى ئانچە - مۇنچە يېزىۋاتىمەن.

— كۆپ يازغانغا يەتمەيدۇ، — دېدى جۇرئەت يەنە، — يېزىپلا تۇرساڭ ياخشى يازىدىغان بولۇپ قالىدىكەنسەن.

## 7. چىگىش خىياللار

ھەش - پەش دېگۈچە تۆت سان قارا دوسكا گېزىتى چىقىپ بولدى. دېمەك ئاردىن بىرەر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندى. بۇ جەرياندا بالىلارمۇ خېلى كۆپىيىپ، بەزىلىرى ئوبدانلا يازىدىغان بولۇپ قالغاچقا جۇرئەتنىڭ بالىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ بولمىقى خېلى قىيىنغا چۈشىدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ قارا دوسكا گېزىتىنى ياخشى چىقىرىشنى ئۇنتۇمىدى. مۇشۇ تۆت سان گېزىتنىڭ 2 - ساندىن باشقا ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ شېئىرى بارلا ئىدى. 3 - سانغا ئىلھامنىڭ بىر پارچە شېئىرى چىقىرىلدى...

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇرئەتنىڭ ئويى بويىچە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى باشقىلار ئويلاپمۇ قويمىغانىدى.

جۇرئەت 1 ـ سان گېزىتنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنلا مۇنداق ئويلىغانىدى: «ھەر بىر سانغا ئۆزۈمنىڭكىنىلا چىقىرىۋەرسەم باشقىلار باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن، شۇڭا 2 ـ سانغا يازماي، مۇشۇنداق قىلمىساممۇ بولمايدۇ، نېمىلا بولسا ئەمدى شەرەپ قازىنىدىغان ۋاقىتلار كەلدى. چۈنكى سىنىپتا كىم ماڭا يېتەلەيدۇ، باشقىلارغۇ ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئېلىۋاتىدۇ، ئىلھامنى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئىشقا كىرىشتى دېگەنىدەلەنمۇ، بۇرۇندىن تارتىپ شېئىرلارنى يادلاپ، ئۇمۇ ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئېلىشنى باشلىدى. مەنچۇ؟...»

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ خىيالىمۇ كېيىنچە ئۆزگىرىپ قالدى. چۈنكى ئارىدىن ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئىلھامنىڭ خېلى راۋۇرۇس يېزىلغان شېئىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىزىقارلىق ئىدى. دائىم سىنىپتىكى ئىشلارنى قىزىقارلىق قىلىپ يېزىپ چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ «بىزنىڭ تەھرىر» دەپ جۇرئەتنى ماختاپ يازغان بىر پارچە شېئىرىنى بەردى. جۇرئەت كۆرۈپ چىقىپ كۆپ ئويلاندى ۋە: «بۇمۇ ياخشى بولغىنى، ئىلھاممۇ كۆڭلۈمدىكىنىلا يېزىپتۇ. ئەمدى نامىم تېخىمۇ چىقىدىغان بولدى. بۇ شېئىرنى چوقۇم قارا دوسكا گېزىتىگە يېزىش كېرەك...» دەپ ئويلىدى ۋە ئانچە ـ مۇنچە تۈزىتىپلا، 3 ـ ساندا ئېلان قىلىۋەتتى. دېگەندەك ئۇنىڭ سىنىپتىكىلا ئەمەس، مەكتەپتىكى ئورنىمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىراق ئۇ يەنىلا بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ئىلھامنىڭ مۇشۇ سۈرئەتتە ماڭسا ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن، توغرىراق ئېيتقاندا مۇشۇ «تەھرىر» لىك ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ھەربىر

سانغا ئۆزىنىڭ قىسقا شېئىرلىرىنى يېزىشنى توختاتمىدى. ئىلهامنىڭ شېئىرلىرىنى بولسا ئۇنى - بۇنى دەپ قالدۇرۇۋې-تەتتى. ئىلهاممۇ «راستىنلا ناچار يازىدىغان ئوخشايمەن» دەپ باشقىچە ئويلىمايتتى ۋە تېخىمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلەت-تى. ساۋاقداشلارغۇ ئۇنىڭ خىيالىدىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇ-نىڭ ئۇستىگە سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ جۇر-ئەتچىلىك يازالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەچكە، جۇر-ئەتنىڭ ھەر بىر سان تام گېزىتىدە چىقىۋاتقان شېئىرلىرىغا باشقىچە قارىمايتتى، بەلكى خۇشاللىنىپ ئوقۇيتتى. ئەڭ يامىنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلار جۇرئەتنىڭ: «سىنىپ ھەي-ئەتلىرى ياكى مەن بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئاغىنىلىرىمنىڭ-كىنى كۆپرەك چىقارسام ماڭىمۇ پايدىسى تېگىدۇ» دېگەن خىيالى بارلىقى، شۇنداقلا شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تام گېزىتكە كۆپرەك چىقىرىۋاتقانلىقى باشقا ساۋاقداشلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

## 8. قۇتلۇق قەدەم

تۇنۇگۇن كەچتە بىر قانچە قوي تەڭلا دېگۇدەك تۆللى-گەچكە ئابلا ئاكا بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئىلهامنىمۇ ياردەملەشتۇرگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئائىلىنىڭ خۇشال-لىقى بولغاچقا، ئىلهاممۇ ئۇكىسى بىلەن كۈچى يەتكۈدەك ئىشلارنى قىلىپ، قوزىلارنى ئۆيگە ئوبدان جايلاشتۇرۇۋال-دى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخشام ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنى ئىشلىيەلمىگەنىدى.

مەكتەپكە ئەتىگەن كەلگەن ئىلهام بۇرۇنقىدەك مەيدانغا

چىقىپ ۋاسكېتبول ئوينىماي، ئاخشام قېپقالغان ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنى ئىشلەشكە تۇتۇندى.

— ئاداش، — دېدى بىر چاغدا ئىلھامنىڭ پارتىدىشى، — سېنىڭ بۇ شېئىرىڭ بەش كۈپلېت ئەمەسمىدى؟

ئىلھام كەينىگە بۇرۇلۇپ تام گېزىتىدىكى ئۆزىنىڭ «ساۋاقداشلار بەك ئىناق» دېگەن شېئىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردى، بۇ 8 ـ سان گېزىت ئىدى.

— قارىغاندا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئىلھام تام گېزىتىنى كۆرسىتىپ، — گېزىتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ ـ دە.

ھېلىقى بالا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن:

— ئاداش، بۇ شېئىرىڭنى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتسەڭ قانداق، — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئىلھام ھەيران بولغاندەك.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، — دېدى ھېلىقى بالا يەنە، — قارىغىنە، بەك ئوبدان چىقىپتۇ، بەش كۈپلېتنىڭ ھەممىسىنىلا ئەۋەت. تۈزەتكۈدەك بولسا يەنە تۈزەتسەڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئىلھام ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ شېئىرى پۈتكەندە خېلى خۇش بولغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا بۇ شېئىر باشتىكى شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىنلا ياخشى چىققاندەك بىلىنگەنىدى. «ئەۋەتىپ باقايمۇ ـ يە، — دەپ ئىككىلىنىپ ئويلىدى ئىلھام، — باشقىلارمۇ خېلى ماختىشىۋاتىدۇ، قارىغاندا خېلى ياخشى يېزىلغان ئوخشايدۇ. توغرا بىر ئاز تۈزىتىپ باقايمۇ.»

ئىلھامنىڭ شۇنداق بىر مىجەزى بار ئىدى. ئۇ يازغان

نەرسىسىنى باشقىلارنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى خالىمايتتى. دائىم ئۆزىلا تۈزىتەتتى. ھازىرمۇ ئۇ قولىغا قەلەمنى ئېلىپلا شېئىرنى ياندۇر - ياندۇر ئوقۇدى. بىراق بىر مىسراسىدىن باشقىسىنى ئۆزگەرتكۈسى كەلمىدى. شۇڭا «ئەمدى بولدى قىلاي. ئۆزگەرتمەن دەپ ناچار قىلىپ قويماي يەنە» دەپ ئويلاپ تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ ئاق ۋارىقىغا كۆچۈردى.

بۇ گەپ بىردەمدىلا پۈتۈن سىنىپقا پۇر كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جۇرئەت ئىشەنمىگەن ھالدا ئىلھامدىن بۇ گەپنى سورىدى:

— سەن شېئىرىڭنى راستىنلا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتمەن دەمسەن؟

— بالىلار ئەۋەت دېيىدى، شۇنداق قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدى ئىلھام قىزىرىپ. جۇرئەت بىر ئاز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— مۇئەللىمدىن سوراپ باقساق بولارمىكىن؟ — دېدى مەيۈس ئاۋازدا. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاۋاگۇل مۇئەللىمدىن بۇ ئىشنى سوراشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى:

— بەك ياخشى ئويلاپسىلەر، ئەگەر ماقالەڭلەر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. بولسا باشقىلارمۇ ئەۋەتسەڭلار بولىدۇ. لېپاپىنىڭ ئۈستىگە گېزىتتىكى ئادرېس بويىچە يېزىڭلار.

شۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلار ھە - ھۇ بىلەن ئىلھامنىڭ شېئىرىنى لېپاپقا سېلىپ، مەكتەپكە كەلگەن پوچتىكەشكە بېرىپ قويۇشتى. جۇرئەتمۇ مۇئەللىمنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزىنى ئاڭلاپ بىر ئوينى كۆڭلىگە پۈكتى.

بىراق دەرس ۋاقتىدا بۇ گەپ جۇرئەتنىڭ قۇلىقىدىن نېرى كەتمەي بەك ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ توت سائەت دەرسنى خۇددى بىر نەرسىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان كىشىدەك بىئارامىلىق ئىچىدە ئۆتكۇزدى. ئاخىر: «مەنمۇ بىرنى يېزىپ گېزىتكە ئەۋەتەي» دېگەن ئويغا كەلدى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاماقنى يەپ بولۇپلا، تاپشۇرۇقنىمۇ ئىشلىمەستىن شېئىر يېزىشقا تۇتۇندى. ئۇ بىر خىل هاياجان ۋە دېلىغۇللۇق، بىر نەرسىگە ئالدىرىغاندەك قىلىپ كەچكىچە ئىككى پارچە شېئىر يېزىپ چىقتى. بىراق ئۇنىڭغا بۇ شېئىرلار ئىلهامنىڭ شېئىرىدەك ياخشى چىقمىغاندەك بىلىندى. شۇڭا باشقىدىن يېزىش قارارىغا كەلدى. بىراق ئۇ شېئىر ئۇستىدە ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، ئىلهامنىڭ شېئىرى، ئۆزىنىڭ شېئىر يازالمايۋاتقانلىقى، ئىلهامنىڭ شېئىرىنىڭ گېزىتكە بېسىلغانلىقى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنى تەبرىكلىگەنلىكى قاتارلىقلار خىيالىغا كېلىۋېلىپ يېرىم كېچىگىچىمۇ بىرەر كۇپلېت يازالمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ هالدا خىيالغا پاتقانچە خېلى ئۇزاق ئويلاندى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «قانداق قىلسام بولار» دېگەن بىر سوئال ئۇنى قىينايتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاتىسى كەلدى ۋە نېمىنىدۇر ئويلاپ كۆڭلى «دىككىدە» قىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ يادىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى «دىككىدە» قىلغان نەرسە كەتمەيۋاتاتتى. ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاشۇ ئىشنى قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ بىر ئامال تاپقاندى.

ئەتىسى ئۇ ئاپىسى چاي تەييارلاۋاتقاندا، ماتېرىيال كۆ-رۈۋاتقان ياسىن ئاكىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. ياسىن ئاكا ئوغلىنىڭ ئەپتىدىن ئۆزىگە گېپى بارلى-قىنى سېزىپ، كۆرۈۋاتقان نەرسىسىنى ياپتى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— ئاتا،— دەپ جۇرئەت تىرنىقىنى تاتىلاپ،— ئەتە سىنىپتا دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى، شۇڭا ياز-غان شېئىرىڭدىن بىرنى بەرگىن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ياسىن ئاكا خۇش بولۇپ ۋە سۇغۇرتمىسىنى ئاچتى.

— ياخشىراقىنى ئاتا، — دېدى جۇرئەت خاتىرىگە بو-يۇنداپ قاراپ.

ياسىن ئاكا ئۈچ كۇپلېتلىق بىر شېئىرنى بىر ئاز تۈزىتىپ جۇرئەتنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشىغا بەردى. جۇرئەت ئال-دىرىماي كۆچۈرۈپ سومكىسىغا سېلىۋالدى ۋە ئىچكىرى ئۆي-گە كىرىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى ۋە خۇش بولۇپ كەتتى. ئاندىن تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قايتقۇچە سېتىۋالغان كونۋېرتقا ئادرېسىنى يېزىپ، ھېلىقى شېئىرنى سېلىپ ئاغزىنى يەملىدى.

ئۇ مەكتەپكە كۆڭلى خۇش ھالدا يۈرۈپ كەتتى، ئۇ بىر دەم سەكرەپ، بىردەم يۈگۈرۈپ ماڭاتتى. بەزىدە تاشلارنى پۇتبول ئوينىغاندەك تېپىپ قويسا، بەزىدە قۇشقاچلارغا ئاتات-تى. «بۇ شېئىر چوقۇم چىقىدۇ،— دېگەنلەرنى ئويلىدى جۇرئەت كۆڭلى خۇش ھالدا،— ۋاھ، ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بولدى، ئەمدى ھەممىسى مېنى ۋاي دەيدىغان بولىدۇ ... بىراق... ئىلھامىنىڭمۇ ئېلان قىلىنىپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ تېخى

بەش كۆپلېت، ھەي، نېمىشقىمۇ ئاتامدىن يەتتە ـ سەككىز كۆپلېتلىق شېئىرنى سورىمىغاندىمەن…»

ئەمدى ئۇ پەرىشان بولۇپ قالدى. بىراق كەيىنگە يېنىپ ئاتىسىدىن باشقا شېئىر سوراشنى لايىق تاپمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بەزلىدى: «بەلكىم، ئىلھامنىڭ يازغان نەرسىسى ئېلان قىلىنماس…»

## 9. ئىزدىنىش مىنۇتلىرى

ئەمدى ئىلھام شېئىر يېزىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدىكى، تاماق ئىچىش، تاپشۇرۇق ئىشلەشتىن باشقا ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى شېئىر يېزىشقا قاراتتى. ھەتتا قويلىرىغا سۇ، ئوت بېرىشمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بارغانسېرى ياخشى نەرسىلەرنى يېزىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدى. بەزى كۈنلىرى ئۇ يېرىم كېچىگىچىمۇ يازاتتى. يازغانچە يازغۇسى كېلەتتى، پەقەت چارچاش ھېس قىلمايتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلھام گېزىت ـ ژۇرنالغا بەك بېرىلدى. ئېلان قىلىنىدىغاندەك بىلىنگەچكىمۇ بىر ئايدىن بۇيان «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى ئالدىراپ، بىرنى قويماي كۆرۈپ تۇردى. بۈگۈنمۇ ئۇ پوچتىكەش كېلىشىگىلا ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى قولىغا ئالدى. تۆتىنچى بەتنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى «بور» ناملىق ئۈچ كۆپلېتلىق شېئىر بىلەن «جۇرئەت ياسىن» دېگەن ئىسىم

ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققانىدى. ئۇ شېئىرنى بىر قۇر ئوقۇپ بولۇپمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، پەقەت ئەسەر ئاخىرىدىكى «پىچان ناھىيە تويۇق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى» دېگەن خەتنى كۆرۈپ ئاندىن ئىشەندى ۋە گېزىتنى كۆتۈرگىنىچە جۇرئەتنىڭ قې-شىغا چاپتى...

بۇ چاغدا جۇرئەت شېئىرىنى گېزىتتىن كۆرۈپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغانىدى. نېرىقى ئۆيدە ئاپىسى تاماق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئاتىسى تېخى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى. جۇرئەت شۇ خۇشاللىقىدا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاپىسىغا ئېيسلغىلى تاسلا قالدى. بىراق دەرھال ئەقلى ئىشلەپ ئۆزىنى ئاران باستى. چۈنكى ئۇ: «ناۋادا ئاپام بۇنى ئۇقسا ئاتامغا دەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاتام شېئىرنى كۆرسە، ئۇ چاغدا مەن... ئەڭ ياخشىسى بۇنى ئۇلارغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك. مەكتەپتىكىلەر كۆرسىلا بولىدى» دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

شۇڭا ئۇ گېزىتنى قاتلاپ سومكىسىغا سېلىۋەتتى، دەل شۇ چاغدا ئىلھام ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى گېزىتنى جۇرئەتكە سۇنۇپ:

— ئاداش، شېئىرىڭ چىقىپتۇ، — دېدى ھاسىراپ تۇ-رۇپ، جۇرئەت قولىغا گېزىتنى ئېلىپ:

— مەنمۇ بايا كۆرگەن، — دېدى. ئۇ ئەسلىي خۇشال بولغانلىقىنى بىلىندۈرمەي دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئەمدى ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى ۋە:

— ۋاي، نېمىدېگەن ياخشى، ۋاي - ۋۇي، — دېگىلى تۇردى.

— ئاداش، سىنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئىلھام جۇر-ئەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— ئاداش، سىنىڭمۇ چىقىدۇ، — دېدى خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن جۇرئەت.

ئۇ بۇ سۆزنى خۇشاللىقىدىن دەۋەتتىمۇ ياكى راستمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

شۇندىن كېيىن جۇرئەت ئۆزىنى خېلىلا چوڭ سۇپەت تۇتىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئۇ باللارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېلان قىلىنغان ھېلىقى شېئىرىنى ئەسكە ئالاتتى ۋە ئۆزىنى ئاتىسىغا ئوخشاتقۇسى كېلەتتى. چۈنكى، ئاتىسىنىڭ يېنىغا ياش يىگىت ـ قىزلار ئەسەرلىرىنى كۆر-سىتىش ئۈچۈن كېلەتتى، پىكىر ئالاتتى. «مانا مەنمۇ، — دەپ ئويلايتتى جۇرئەت، — باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈ-ۋاتىمەنغۇ، شېئىرىممۇ ئېلان قىلىندى. كىم بىلىدۇ، بۇن-دىن كېيىن ئېلان قىلىنىپلا تۇرامدۇ تېخى...»

ئۇ شۇنداق ئويلاپ مەغرۇرانە كۈلۈپ قويىدى.

قايسىبىر كۈنى ھاۋاگۈل مۇئەللىم جۇرئەتنىڭ بۇ شې-ئىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ ماختىغاندىمۇ جۇرئەت مانا شۇنداق مەغرۇرانە كۈلۈپ ئەتراپىدىغا قارىغانىدى.

ئۇ ئىلھامنىڭ مەكتەپتىن قايتقۇچە بەرگەن ئۈچ پارچە شېئىرىنى كۆرۈپ چىقتى. شېئىر خېلىلا يامان ئەمەس يې-زىلغانىدى. جۇرئەت بۇ شېئىرلارغا قاراپ ئويلاپ قالدى: «10 ـ سان گېزىتكە ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى چىقىرىلدى. ئەمدى بۇ ئۈچ پارچە شېئىر چىقىرىلسا... ياق قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. ئارقا ـ ئارقىدىن چىققان بىلەن...» شۇنىڭ بىلەن

جوٚرئەت ئىككى پارچىسىنى قالدۇرۇۋېتىپ بىر پارچىسىنى ئېلىپ قالدى.
كېيىن ئۇ قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا سىرتقا چىقتى. ئىلھام ئۇكىسى بىلەن كېلىۋاتاتتى.
— نەگە باردىڭ؟— سورىدى جوٚرئەت ئىلھامدىن.
— ئۇكامنى ئوينىتىپ كەلدىم، — دېدى ئىلھام ئۇكىسىنى كۆرسىتىپ.
— بۇگۈن بىرەر نەرسە يازمىدىڭمۇ؟— يەنە سورىدى جوٚرئەت.
— ياق، — دېدى ئىلھام جاۋاب بېرىپ، — ھېچ ۋاقىت چىقمىدى، تاپشۇرۇقنى تۈگەتسەم ئۇكامغا قارايدىغان ئىش چىقتى، ئۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن، كۆرگەنلىرىڭنى يازساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ.
جوٚرئەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىلھامغا مەنىستىمىگەندەك قاراپ قويدى.
— جوٚرئەت، قانداق ئىشلارنى يازغان ياخشى؟ — دەپ سورىدى ئىلھام بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن.
— مېنىڭچە، ھەممە يەردە ئومۇملاشقان ئىشنى يازغان ياخشى.
ئىلھام چۈشەنمىگەندەك جوٚرئەتكە قارىدى.
— چۈشەنمىدىڭمۇ، — دېدى جوٚرئەت بىر تۇرلۇك كۈلۈپ، — ھەممە جايدا بولىدىغان ئىشنى يازساڭ بولىدۇ. مەسىلەن، «قاسىمنىڭ دەپتىرى» دېگەن شېئىرنى ئالساق ئۇ ئىللەت ھەرقايسى جايلاردىكى بىر - ئىككى بالىدا بولسىمۇ بار.
ئىلھام بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ

كەتتى. ئاندىن:
— ياق ئاداش، ئۆنداق دېگەنىبلەن بولمامدىكىن، — دېدى.
جۆرئەت ئىلهامغا «سەن نېمىنى بىلىسەن» دېگەندەك قاراپ قويىدى ۋە:
— چوقۇم شۆنداق بولىدۇ. بايىلا ساڭا مىسال كەلتۈ-رۈپ بەردىمغۇ. هازىر ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرمۇ شۆن-داق، — دېدى.
ئىلهام يەنە بېشىنى چايقىدى.
— بەزى شېئىرلاردىكى ياكى هېكايىلەردىكى ۋەقەلەر هەممە بالىلاردا بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، «ئاپام نېمىشقا مېنى ئۇردى؟» دېگەن هېكايىنى ئالساق، هەممە بالىنىڭ پۇل تېپىۋېلىشى، هەممە ئانىنىڭ پۇلنى بەرمىگەنلىكى ئۇ-چۇن بالىسىنى ئۇرۇشى ئوموملاشقان ئىشمۇ؟ بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە بولۇپ باقتىمۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنداق دەپ ئۇزۇپ ئېيتىۋېتىشكە بولمايدۇ.
— ياق، — دېدى جۆرئەت جاهىللىق بىلەن، — چوقۇم شۆنداق بولىدۇ. سەن ئۇبدان دىققەت قىلماپسەن.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئىلهام ئويلىنىپ، — سېنىڭ شېئىرىڭدىكى بورنىڭ خىسلىتىنى هەممە بالا چۈشى-نىدۇ دەپ ئويلامسەن.
— دەل شۆنداق بولغاچقا مېنىڭكىنى ئېلان قىلغاندە.
جۆرئەت بۇ گەپنى ناهايىتى مەغرۇر ئېيتتى.
ئىلهام بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا جۆرئەتنى ئاپىسى «تامىقىڭنى يەۋال» دەپ چاقىرىپ قالدى. شۆنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆهبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

«بەلكىم جۇرئەتنىڭ گېپىنىڭمۇ توغرا يېرى باردۇ، — دەپ ئويلىدى ئىلهام يولدا كېتىۋېتىپ، — بىراق ھەممىسىلا شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىسا قانداق بولىدۇ. بەزىلىرى شۇنداق بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۇنداق بولمايدۇ - دە».

ئىلهام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېئىردا بىر يېڭىچە پىكىرنى ئىپادىلەپ بېقىشنى ئويلىدى. بىراق قەلەمنى قولىغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئويلىغان يېڭى پىكىرنى تاپالماي ئولتۇرۇپ قالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىر چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتاتتى. ئىلهام هازىرقى شېئىرلىرىنى بىر يېرىم ئاي بۇرۇنقى شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ھەر قايسى جەھەتلەردىن خېلى ئىلگىرىلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مانا ئەمدى بۇرۇن ئارزۇ قىلغان «قايتا - قايتا ئوقۇغۇسى كېلىدىغان» شېئىرلارنى يېزىپ بېقىش خىيالىغا كەلدى. ئەمما ئۇ ئۇنداق شېئىرلارنى يازالارمۇ ياكى دەپتەر، قەلەم، كىتابنىڭ رولىنى ماختاپلا يېزىۋەرسۇنمۇ؟...

ئىلهامنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى ئۇنىمىدى. كېيىن ئۇ شېئىرنى بەك ئالدىراپ يازىدىغانلىقىنى، گېزىت كۆرۈشنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ شېئىرى چىقمىغاندىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك ھەپتىدە بىرلا پارچە شېئىر يېزىشنى ۋە قايتا - قايتا تۈزىتىشنى ئويلىدى.

ئۇ كۆپ ئويلىنىپ يېزىقچىلىق مەشغۇلات ۋاقتىنى بېكىتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، قەغەزگە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

1) بىر پارچە شېئىرغا كېتىدىغان ۋاقىت بىر ھەپتىدىن

كەم بولماسلىق.

2) يېزىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ـ قايتا كۆرۈپ چىقىش.

3) يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىش ئۈچۈن بىر كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىش، تۈزىتىلىدىغان جاي بولمىسا، شېئىر ئۈستىدە ئويلىنىش.

شۇندىن كېيىن ئىلھام مۇشۇ ئۈچ نۇقتا بويىچە شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. دەسلەپتە بۇنداق كۆپ ئاۋارىچىلىكتىن ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى. چۈنكى ئۇ بۇرۇن بىرەر پارچە شېئىرنى بىرەر سائەتتىلا يېزىۋېتەتتى. مانا ئەمدى ئۆزى يازغان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار، ئۇنى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. بىراق ئىلھام: «مەن ئۆزۈم يازغانىكەنمەن، چو- قۇم ئەمەل قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ھەم شۇنداق قىلدى...

## 10. مۇسابىقە

بۈگۈن ھاۋاگۈل مۇئەللىمنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئالماي كىرىشى ساۋاقداشلارنى ھەيران قالدۇردى. ھاۋاگۈل مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ساۋاقداشلار، بۈگۈن مۇھىم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن بىر سائەتلىك دەرسنى قالدۇردۇم، — دېدى.

ساۋاقداشلار «نېمە مۇھىم ئىشتۇ» دەپ ئويلىشىپ، مۇئەللىمگە ئۈنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتى.

— ساۋاقداشلار، ئەمدى چىقىدىغان گېزىت قانچىنچى سان؟

— 10 ـ سان!

— شۇنداق 10 ـ سان،— دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم تەكرارلاپ،— بىز قارا دوسكا پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشلاپ ئالدىمىزدا 10 ـ سانىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىقىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ جەرياندا ساۋاقداشلارنىڭ قارا دوسكا گېزىتىنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك چىقىرىلىشىغا بەرگەن ياردىمى چوڭ بولدى. دېمەك، مۇشۇنداق ياخشى گېزىتنىڭ چىقىشىدا ھەممىمىزنىڭ ئەجرى بار. ھەر بىر ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ، سۈپىتىمۇ ياخشى. ساۋاقداشلارنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھەر بىر ساندىكى ئەسەرلەر ياخشى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتىدا ساۋاقداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە كۆپ كۈچ چىقارغان ساۋاقداش جۇرئەتكە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش كېرەك. ئۇنىدىن قالسا، جۇرئەتكە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىلھام، مەلىكە قاتارلىق ساۋاقداشلارنىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ساۋاقداشلار بۇ سۆزلەرگە ئالقىش ياغدۇراتتى.

ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئالدى پارتىدا ئولتۇرغان سىنىپ باشلىقىغا ئىشارەت قىلغانىدى. سىنىپ باشلىقى قىزىل تاشلىق بىر دانە خاتىرە دەپتەرنى مۇئەللىمگە سۇندى. مۇئەللىم خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ ساۋاقداشلارغا قارىدى ۋە:

— مەن بۇ خاتىرىنى سىنىپ قارا دوسكا گېزىتىنىڭ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ، ساۋاقداشلار ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان جۇرئەتكە تەقدىم قىلىمەن. بۇ «تەھرىر» بىزگە سىنىپ كول-

لىكتىپى تەرپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات، — دېدى.

ساۋاقداشلار قىزغىن ئالقىش ئىچىدە جۇرئەتنى ئۇتتۇرىغا چىقىشقا زورلىدى. جۇرئەت بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغاچقا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغانىدى.

— قېنى جۇرئەت...

جۇرئەت خاتىرىنى ئېلىپ، ئارانلا جايىغا قايتالىدى...

— ساۋاقداشلار، — دېدى هاۋاگۇل مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار تىنچلانغاندىن كېيىن، — مېنىڭ يەنە مۇنداق بىر ئويۇم بار. بىز قارا دوسكا گېزىتىمىزنىڭ 10 - سانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قېتىم شېئىر - ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرساق...

ساۋاقداشلار يېڭى - يېڭى ئىشلارنى تېپىۋاتقان بۇ ياش ئۇستازىغا سۆيۈنۈش ئىچىدە بىر پەس هۆرمەت بىلەن تىكىلدى ۋە:

— بولىدۇ، — دېدى بىر - بىرىگە خۇشال قارىشىپ.

— ئۇنداقتا مۇسابىقە كېلەر جۇمە كۈنى، يەنى 10 - سان گېزىت چىققان كۈنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتىكى بىر قىسىم پېشقەدەم تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى باھالىغۇچى بولىدۇ. ھەممىمىز ئاكتىپلىق بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشايلى...

مەكتەپتىن قايتقان جۇرئەت: «بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىرىنچى بولمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — چوقۇم ئوبدانراق يېزىپ باشقىلاردىن ئۇزۇپ چىقمىسام يۈزۈم تۆكۈلمەمدۇ، تەھرىر دېگەن نامىمغا داغ چۈشمەمدۇ...»

ئۇنىڭ راستتىنلا بۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىشقا ئىشەنچى بار ئىدى. راست ئەمەسمۇ، مەكتەپتە «تەھرىر» دەپ

نامى بار، تېخى گېزىتتە شېئىرمۇ ئېلان قىلغان جۇرئەت بىرىنچى بولمىسا كىم بىرىنچى بولىدۇ؟

جۇرئەتكە خۇددى ئۆزى بىرىنچى بولالمىسا، ئۆزىدىن باشقا بىرىنچى بولىدىغان ئادەم يوقتەك بىلىنىپ، ئۇ بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

بىراق، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يادىغا «ئىلھام» دېگەن ئىسىم كېلىۋىدى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. «هوي، ئىلھامنى بوش چاغلىماي جۇمۇ، هازىر ئۇنىڭ يېزىۋاتقان شېئىرلىرىمۇ بوش شېئىرلار ئەمەس، ئۇ شېئىر يېزىشقا خېلى ئۇستا بولۇپ قاپتۇ،— دەپ ئويلىدى جۇرئەت بىر ئاز دەككە — دۇككە ئىچىدە،— ناۋادا بۇ نۆۋەت ئۇ بىرىنچى بولۇپ قالىدىغان بولسا… ياق، ياق، ئۇ هەرگىز بىرىنچى بولالمايدۇ، مەن چوقۇم بىرىنچى بولىمەن…»

جۇرئەت ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بولۇپ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئاپىسى تاماق يەۋاتقانىكەن. جۇرئەت جوزىغا كېلىپ سورىدى:

— ئاتام قېنى؟

— ناهىيىگە بەش كۇنلۇك يىغىنغا كەتتى،— دېدى ئاپىسى،— نېمانچە ۋاق قالدىڭ، ئەمدى سوغۇق كىرىپ قالدى، ۋاقتىدا تامىقىڭنى يېمىسەڭ سوغۇق تەگكۈزۈۋالىسەن.

جۇرئەت باشقا گەپ قىلماي جىممىدە تامىقىنى يېدى، ئاندىن يېزىق ئۈستىلى يېنىغا كېلىپ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئويغا پاتتى. ئۇ كەچ كىرگۈچە خېلى ئويلانغان بولسىمۇ يازغۇدەك تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپالمىدى. «كىتاب»،

«ئۇستاز»، «مەكتىپىم» دەپ يازايمىكىن دېسە، بۇرۇن يېزىپ بولغان. ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن جورئەت: «جۇمەگە يەنە ئالتە كۈن بارغۇ، ئۈچ كۈن راۋۇرۇس ئويلىنىپ كاللام-دا پىشۇرۇۋالسام بىردەمدە يېزىۋېتىمەن» دەپ ئويلاپ ئۇي-قۇغا كەتتى.

مۇسابىقە ئىلهامنىڭمۇ خىيالىغا كىرىۋېلىپ، قولى ئىشقا بارمىدى. قوتاندا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئاتىسىغا يار-دەملەشكىسىمۇ كەلمىدى. ھەتتا ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنى قو-لىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئاتىسى ئۇنىڭ خىيالغا چۆكۈپ ئول-تۇرغىنىنى كۆرۈپ نەچچە رەت بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپمۇ ئويلىدى - يۇ، تاپشۇرۇقىنى ئويلاۋاتقان بولسا دەخلى قىل-ماي، دەپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئىلهامنىڭ خېلىغىچە ئا-شۇنداق ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— نېمە بولدى ساڭا ئوغلۇم؟

ئىلهام ئېغىر خۇرسىنىپ ئاتىسىغا قارىدى:

— مەكتەپتە شېئىر مۇسابىقىسى بولماقچى، شۇنىڭغا شېئىر يازالماي ئولتۇرۇپتىمەن.

— نەچچە ئايدىن بېرى قىلىۋاتقان خىياللىرىڭ شۇنىڭ ئۈچۈنمىدى، — دېدى ئابلا ئاكا كۈلۈپ، — مەن ئاڭلىغان ھېكايىلەردىكى شائىرلار ئۆيدە خىيالغا چۆكۈپ ئەمەس، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇ يۇرت - بۇ يۇرتنى كۆرۈپ يازىدىكەنىدۇق. يۈر، ماڭا ياردەملەش. ئىشلەۋېتىپ يې-زىۋالامسەن تېخى ئۇ شېئىرىڭنى.

ئىلهام ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىنى ئىشقا بۇيرۇۋاتقان-لىقىنى بىلىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار

ئۆگزىگە چىقىپ جادۇ بىلەن شاخ توغراشقا باشلىدى. ئىلھام شاخنى جادۇغا تۇتۇپ بەردى، ئاتىسى جادۇنىڭ تىغىنى كۆ- چەپ بىسىپ توغراشقا باشلىدى. قىش كىرىپ ئاققوناق شى- خىغا خېلى تەم كىرىپ قالغانىدى. ئىلھام بىردەم - بىردەم قوناق شىخىنى شۇمۇگەچ جادۇغا شاخ تۇتۇپ بەردى. خىيالى بولسا شېئىر يېزىشتىلا ئىدى. بۇنى ھېس قىلغان ئابلا ئاكا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— شاخنىڭ ئورنىغا قولۇڭنى تۇتۇپ بەرمە بىكار.

ئىلھام راست شۇنداقتەك چۆچۈپ قولىنى تارتىۋالدى. بۇنىڭدىن ئابلا ئاكا كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىنى يېزىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ — سورىدى ئابلا ئاكا.

— شۇ، نېمىنى يېزىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن ئاتا، — دېدى ئىلھام جىلى بولۇپ.

— ئۆيدىن چىقمىساڭ نېمىنى يازالايسەن؟ قارىساڭ ئەتراپتا يازىدىغان نەرسە جىققۇ. مەسىلەن… مەسىلەن، سى- لەر قار ياغسا ئوينىساقلا دەيسىلەر، لېكىن قارنىڭ زىرائەت- لەرگە قانچىلىك پايدا ئەكېلىدىغانلىقىنى ئويلىمايسىلەر…

— ھە! ؟

ئىلھام ئۆزۈندىن ئىزدىنىۋاتقان تېپىشماقىنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— توغرا، شۇنى يازسام بولغۇدەك، شۇنى يازسام بول- غۇدەك. ئاتا، ئۆزۈڭ ئىشلەپ تۇر.

ئىلھام شۇنداق دەپ ئابلا ئاكىنىڭ «قاراپ چۈش» دېگى- نىگىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆگزىدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى. ئابلا ئاكا ئوغلىنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتتى.

دۈشەنبە كۈنى جۈرئەت ئىلهام يازغان «ياغقىن قار» ناملىق شېئىرنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشقاندەك بولدى ۋە:

— مۇسابىقىگە مۇشۇ شېئىرنى قاتناشتۇرامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى ئىلهام بېشىنى چايقاپ، — ئۇ شېئىر تېخى پۈتمىدى.

جۈرئەت ئىلهامنىڭ بۇ سۆزىگە هەيران قالدى ۋە: «شۇنداق ياخشى شېئىرنى قاتناشتۇرماي - هە! يا بۇنىڭدىن‑مۇ ياخشى شېئىرنى يېزىۋاتامدىغاندۇ؟ بىراق مەنچۇ؟…» دەپ ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولدى.

جۈرئەت بۈگۈنكى دەرسلەرنى ناهايىتى پەرىشان هالدا تۈگەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر مىسرامۇ يازمىغانلىقىنى ئويلى‑سا جىلى بولاتتى.

ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئۆيىگە قايتماي، تاش ئۆستەڭدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ شېئىر يېزىشنى ئويلىدى. بىراق ئۇ سۇغا قاراپ تۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۇنى تەسۋىر‑لەپ شېئىر يېزىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، هە دېسىلا پىكرى چېچىلىپ «مۇشۇ سۇدىمۇ بېلىق بارمىدۇ»، «هازىر سۇغا چۆمۈلسە كىشى توڭلاپ قالىدۇ - هە» دېگەندەك نەرسىلەر خىيالىغا كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

«هەي، ئاتام بولغان بولسىمىغۇ، — دېدى جۈرئەت ئۆ‑يىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، — يازغىنىمنى كۆرۈپ تۈزىتىپ بېرەتتى، ئەمدى قانداق قىلاي، نېمىلا بولسۇن بىر پارچە شېئىر يازمىسام بولمايدۇ. ئۆيگە بېرىپ كەچكىچە ئۇخ‑لىمايدىغان ئىش بولسىمۇ چوقۇم يېزىپ چىقمايدىغان

بولسام... »

ئۇ ئۆيگە بېرىپ تاماقمۇ يېمەستىن قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كەچ كىرگۇچە «ئانامغا» دېگەن بىر پارچە شېئىرنى يېزىپ چىقـتى. ئۇ ئەمدى «ئۇھ» دەي دەپ تۇرۇشىغا ئىلھامنىڭ «ياغـقىن قار» ناملىق شېئىرى خىيالىغا كېلىۋالدى. «مېنىڭ بۇ شېئىرىم يەنىلا ناچاركەن، — دېدى جۇرئەت ئىلھامنىڭ شېئىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، — ئۇ تېخى ئۇنى ياراتماي باشقىنى يازىمەن دەۋاتىدۇ، ئەمدى يازغىنى قانچىلىك ياخشى چىقار. ياق، مەنمۇ باشقىنى يازاي... »

شۇنىڭ بىلەن جۇرئەت باشقا نەرسە يېزىش خىيالىغا كەلدى. بىراق قانچە ئويلاپمۇ كۆڭلىگە تازا ياققۇدەك، قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسە يازالمىدى.

ئۇ جىجىپ، سىزىلغان بىر توپ ۋاراقنى تۇتقىنىچە خىيالغا پاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ئەسەر ئەۋەتكەن، ئېلان قىلىنغان ئىشلار كەلدى.

«توغرا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇ ۋاقىتتا ئاتامنىڭ شېئىرى بىلەن ئىلھامنى بېسىپ چۈشكەنىدىم. ئەمدى ئىلھام تېخىمۇ تىرىشىپتۇ. ناۋادا بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە... بۇنىمۇ بىر نەرسە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ... ھەي، مەن مۇشۇ كۈنلەردە زادى نېمە بولدۇم؟ نېمىشقا يازالمايدىغان بولۇپ قالدىم؟ بۇرۇن ھېچقانچە كۈچىمەيلا خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازاتتىم. ئەمدىچۇ؟... نېمىشقا؟... »

ئۇ ئاچچىقىدا ئالدىدىكى ھەممە قەغەزنى پۇرلەپ مەشكە

ئاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئاتىسى كەلدى. «ئاتام بول-غان بولسىمىغۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھېچ بولمىسا يول كۆرسەتكەن، ماڭا ئۆگەتكەن بولاتتى. ھەي… ئاتام شۇنچە كۆپ شېئىر، ھېكايىلەرنى قانداق يېزىپ چىققاندۇ؟…» تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئاتىسىنىڭ شېئىر بىلەن تولغان بىر خاتىرىسى كەلدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى «بور» ناملىق شې-ئىرنىمۇ ئاتىسى ئاشۇ خاتىردىن كۆچۈرۈپ بەرگەن ئەمەسمۇ.

ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىشكا-پىنىڭ يېنىغا كەلدى. قولىنى ئاتىسىنىڭ يېزىق شىرەسى-نىڭ تارتمىسىغا ئۇزاتتى. ئۇ قولى تىترىگەن ھالدا تارتمىنى ئاچتى. ھېلىقى خاتىرە كىتاب بىر نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىلا تۇراتتى. ئۇ خاتىرىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. يېزىلغان شېئىرلار بالىلار شېئىردىن ھالقىغاندىلا جۈرئەت بولدى قىلدى. بىراق خاتىرىنى ھېچ قويۇپ قويغۇسى كەلمىدى. ئۇ خاتىرىنى تۇتقىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى. ئاخىر بىر چاغدا ئۆزى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىگە ئەڭ ياخشى بىلىنگەن بىر شېئىرنى ئاق قەغەزگە كۆچۈرۈشكە باشلىدى…

## 11. «گۈزەل چۈش»

ئىلھام شۇ كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ھېس قىلغانلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئويلاپ چىقتى، ئاندىن قەلەم تەۋرەتتى. ئۇ كېچىچە ئويلىغانلىرىنى بىر قۇر يېزىپ چىقىپ يېتىپ قالدى. ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ باشقا بىر

ۋاراققا باشقىدىن يېزىپ چىقتى. ئاندىن ئۇلتۇرۇپ تۈزەتتى. ئارىدىن بىر كۈن تاشلاپ قويۇپ يەنە تۈزەتتى. ئاندىن كۆڭلى تىنىپ ئاققا كۆچۈردى.

يېقىندىن بۇيان ئىلھام يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئويلاي-دىغان، دائىم شېئىر يازغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن يازغانلىرىنى يادلىۋالغان شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ، شېئىرىدا يەنە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ، بىئارام بولىدىغان بولدى. ئۇ ئاشۇنداق شې-ئىرلارنى كۆپلەپ كۆردى. ئۇ شېئىرلار شۇنداق يېنىك، راۋان، چۈشىنىشلىك ئىدى. مانا بۇ مۇسابىقە شېئىرى شۇن-داق شېئىرلارغا خېلى يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئىلھام يەنىلا قايىل بولغۇسى كەلمىدى. شۇڭا شېئىرنىڭ ئاخىرقى قىس-مىنى يەنە تۈزەتتى، باشقىچە ئۆزگەرتىپ باقتى. چارشەنبە كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن رەسمىي بولدى قىلدى.

راستىنى ئېيتقاندا ئىلھامنىڭ «ھەپتىدە بىر شېئىر يېزىش» ۋە «دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ نۇقتا» دىن ئىبارەت ئادەتلىرى ئۇنى خېلى يېتىشتۈرۈپ قويغانىدى. بو-لۇپمۇ ئۇنىڭ بۇرۇن يادلىغان شېئىرلىرى ئۇنى سۆز بايلىقى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئىلھام يەنىلا ياخشى شېئىرلارنى يادلاشنى ئۇنتۇمىدى. بىراق ئۇنىڭغا ئەڭ كەم بولۇۋاتقان نەرسە ھەقىقىي ھېسسىيات ئىدى. ئۇ كۆپىنچە شېئىرلارنى مەجبۇرىي ھالدا يازغاچقا، بىر ئاز تەبىئىيلىك كەم ئىدى. ئۇ بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى.

ئىلھام بۈگۈنمۇ «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنى ئالدىراپ كۆردى. بىراق يەنە مەيۈسلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ كېيىنچە يازغان شېئىرلىرىدىن بەش - ئالتە پارچىنى

ھېچكىمگە دېمەستىنلا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۇ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ قالـ-دىغاندەكلا بىلىنگەنىدى. مانا ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىراق شېئىرلارنىڭ ھېچبىر دېرىكى يوق. شۇڭا ئىلھام: «يەنىلا چالا ئوخشايمەن، تېخىمۇ تىرىشمىسام بولـ-مايدىغان ئوخشايدۇ، جۈرئەت چېغى بىرەر يىلدەك مەشىق قىلدى. مەن بىر ـ ئىككى ئاي بولا ـ بولماستىنلا بۇنداق قىلىپ يۈرسەم چوڭچىلىق قىلغان بولۇپ قالمايمەنمۇ...» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە گېزىتكە شېئىر ئەۋەتىشنى ئويلىماي مەشىقنى توختىماي داۋاملاشتۇردى. مانا ئەمدى چوڭ بىر خاتىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى شېئىر بىلەن تولۇپتۇ. ئىلـ-ھام خاتىرىسىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. كۆرۈپ «گۈزەل چۈش» دېگەن شېئىرغا كەلگەندە شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇۋەتتى. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان شېئىرمۇ شۇ ئىـ-دى. بۇ شېئىردا بىر بالىغا بىر خىزىر ئۇچرىغانلىقى، خىزىرنىڭ بالىنىڭ ئەخلاقلىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ خاسىيەتـ-لىك دورىنى بەرگەنلىكى، بالىنىڭ: «بۇنى مۇئەللىمىم يېـ-سۇن، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەر ۋاقىت كۈلكە ۋە مېھرىبانلىق ئۆچمىسۇن، مەن شۇنىڭغا رازى» دېگەنلىكى، خىزىرنىڭ بالىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ دورىدىن يەنە بىر تال بەرگەنـ-لىكى سۆزلەنگەنىدى. مۇسابىقە ۋاقتىدا بۇ شېئىر خېلى ئالقىشقا ئېرىشتى. مۇئەللىملەر بۇ شېئىرنى بىرنەچچە قېـ-تىم ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. ئىلھام شۇلارنى بىر قۇر ئويلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى، ئاندىن خاتىرىنى يېپىپ جۈرئەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى.

مۇشۇ كۈنلەردە جۈرئەتنىڭ جىمغۇر بولۇپ كېتىشى

ئىلھامنى ھەيران قالدۇرۋاتاتتى. «ئۇنىڭغا نېمە بولـ.
غاندۇ، — دەپ ئويلىدى ئىلھام ئۇ توغرۇلۇق، — يازغان
شېئىرى ھەممىدىن بەك ئالقىشقا ئېرىشتىغۇ، راستىنلا
نېمىدېگەن نوچى شېئىر. ئۇ شۇنداق شېئىرنى يېزىپمۇ نې.
مىشقا خۇشال بولماي بۇنداق غەمكىن يۈرىدىكىنە؟ يا ئۇنىڭغا
بىرەر ئازارچىلىق يەتكەندىمۇ...»

ئىلھام شۇ خىياللار بىلەن جۇرئەتلەرنىڭ ئۆيىگە باردى.
بىراق ئۆي قۇلۇپلاقلىق ئىدى. شۇڭا ئىلھام مەكتەپكە بېرىپ
بېقىش خىيالىغا كېلىپ كەينىگە بۇرۇلدى.

جۇرئەت يەنە ھېلىقى تاش كۆۋرۈك ئۈستىدە سۇغا تى.
كىلگىنىچە قاراپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىققا
مايىل بولغاچقا 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغان بول.
سىمۇ ئېرىقلاردا تېخى مۇز قاتمىغانىدى. ئۆستەڭدە سۇلار
شارقىراپ بىر خىلدا ئېقىپ تۇراتتى.

جۇرئەت يەردىكى ئۇششاق تاشلارنى پۇتى بىلەن تېپىپ
سۇغا چۈشۈرۈپ خىيالغا پاتقانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى
ئىككى ئىش غەمكىن قىلىپ قويغانىدى. بىرى، ئۆزىنىڭ
شېئىر يېزىشتا نېمە ئۈچۈندۇ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقى،
بۇنىڭ بىلەن «تەھرىر» لىكتىن قېلىش ئەندىشىسى؛ يەنە
بىرى، مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنىڭ چاققانراق ئېلان قىلىن.
ماسلىقى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىلھامنىڭ «گۈزەل چۈش»
ناملىق ئەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قا.
لىدىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەز.
مۇن دائىم ئۇنىڭ يادىغا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن مەزمۇنىنىڭ
يېڭىلىقى، ئىپادىلىنىشىنىڭمۇ يېڭىلىقى جۇرئەتنى ئويغا
سالدى. «ھەي، — دېدى جۇرئەت بىر تال تاشنى كوچەپ

تېپىپ، — نېمىشقا ئىلهام ئىلگىرىلەپ كەتتى؟ نېمىشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇنچە ياخشى چىقىدۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ شېئىرى بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ كەتسە، مېنىڭ تۇگەش-كىنىم شۇ ئەمەسمۇ...»

ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار جۇرئەت مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان «گۇل تۇتاي ساڭا ئۇستاز» دېگەن شېئىرنى بىرىنچى دەرى-جىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقان بولسى-مۇ، جۇرئەتنىڭ ئۇ گەپكە ئىشەنگۇسى كەلمىدى. ھامان «گۈزەل چۈش» ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. ئاستا - ئاستا ئىلهامنىڭ بۇرۇن «مەزمۇن يېڭىلىقى» ھەققىدە سۆز-لىگەن سۆزلىرى يادىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەك نوچىكەن دەپ يادلىۋالغان شېئىرلارنى ئىچىدە بىر قۇر تەك-رارلاپ چىقتى. مانا ئىلهامنىڭ شېئىرى ئۇ شېئىرلارغا يېقىنلاپ قاپتىغۇ، ئىلهام قانداقراق ئۇسۇل قوللانغاندۇ؟

جۇرئەت بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندى. «گۈزەل چۈش» ئۇنىڭ خىيالىنى دائىم بۆلۈپ تۇردى. مىسرالارنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى. ئاخىر ئۇ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، ئىلهام يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا كىرىشى-دىكەن، ئۆزى بولسا ھەر بىر سان گېزىتكە ئۇلگۇرتۇپلا بىرەر - ئىككى پارچە شېئىر يېزىپ بولدى قىلىدىكەن. ئىشلار جۇرئەتكە ئەمدى ئايدىڭلاشقاندەك بولدى. بۇرۇن ھەر كۈنى شېئىر يازاتتى ھە، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ئۇ چاغلاردا ئاتىسى كۆرۈپ جۇرئەتنى ماختايدى-غان، ھازىرچۇ؟ ھازىر جۇرئەت يازغانلىرىنى ئاتىسىغا كۆر-سەتمەيدىغان، ياسىن ئاكىمۇ: «قارىغاندا بالام سوۋۇپ قاپ-تۇ» دەپ ئانچە قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق ئىش

ئاشۇ قارا دوسكا گىرىتى چىقىرىلغاندىن باشلاپلا باشلانغاندى. بۇ جۇرئەتكە ئېنىق ئىدى. «ئەمدى بۇرۇنقىدەك تىرىشاي، — دەپ ئويلىدى جۇرئەت ئۆي تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — ئەمدى مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمىغۇدەك. ناۋادا مۇشۇنداقلا تۇرىدىغان بولسام ئىلھام ئۆزۈپ چىقىدۇ...»

دۈشەنبە كۈنى ھاۋاگۈل مۇئەللىم ساۋاقداشلار نەچچە كۈندىن بۇيان تەقەززالىنىپ تۇرغان مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. جۇرئەت ئۆزىنىڭ شېئىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىشەنمەي قالدى. مۇئەللىم مۇسابىقىنى مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

— بۇ مۇسابىقە ھەقىقەتەن ياخشى بولدى. بۇ ئارقىلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئىجمۇ ئۆستى، يېزىقچىلىق مەشىقىگە خېلى ياردىمى بولدى، نەتىجىدە ئۆزۈڭدىن بۇيان توختىماي مەشىق قىلغان ساۋاقداش جۇرئەت، ئىلھام، مەلىكەلەر نەتىجىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ جۇرئەتنىڭ تىرىشچانلىقى يۇقىرى، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ھەممىمىز «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدىن كۆردۇق. ئىلھامنىڭ خېلى ياخشى، ساۋاقداش مەلىكە بۇ ئىشقا يەنىمۇ كۆپرەك كۆڭۈل قويۇپ، كۆپرەك كۆرۈپ، كۆپرەك تىرىشسا، قالغان ساۋاقداشلارمۇ بۇ ئۈچ ساۋاقدىشىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا تىرىشساق. ئەسلىي باھالاشتا جۇرئەت بىلەن ئىلھامنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا شېئىرى بىرىنچى دەرىجىلىك بولماقچىدى. بىراق، ئىلھامنىڭ شېئىرى قىزىقارلىق، مەزمۇنى يېڭى بولسىمۇ، ئىپادىلىنىشى يەنى راۋانلىق، پىكىرنى ئەكس ئەتتۇرۇش، قاپىيە جەھەتلەردە نۇقسان بولغاچقا ئىككىنچى دەرىجىلىك قىلىپ باھالاندى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلھام ساۋاقداش جۇرئەتتىن ئۆگەنگەن

ئاساستا تىرىشسا. مۇكاپاتلاشنى چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنىدا قىلىمىز...

دەرستىن چۈشكەندە ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئۇلارنى ئىشخا- نىسىغا باشلاپ چىقتى ۋە:

— سىلەر ئىككىڭلار خېلى ئالغا بېسىپ قالدىڭلار. يازغان شېئىرىڭلاردىكى بەزى نۇقسانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلى ياخشى. سىلەر قارا دوسكا گېزىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» قا- تارلىق گېزىت - ژۇرناللارغىمۇ ئەسەر ئەۋەتىشكە تىرىشىڭ- لار، — دېدى.

— مەن بەش - ئالتە پارچە شېئىر ئەۋەتتىم، — دېدى ئىلھام بوش ئاۋازدا.

— سىزچۇ جۈرئەت؟

جۈرئەت پەسكە قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم جۈرئەتكە جىددىي قىلىپ، — شۇنداق ياخشى يازىدىغان تۇ- رۇپ ئەۋەتمىسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئەمدى ئەۋەتىڭ، نېمە- دىن قورقىسىز...

ئۇلار مۇئەللىمنىڭ يېنىدىن چىقىپ خېلىغىچە جىم مېڭىشتى، بىر پەستىن كېيىن ئىلھام جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ئاداش، ماڭا كۆپرەك ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ.

جۈرئەت خۇددى بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك خېلىغىچە جىم ماڭدى، ئاندىن ئىلھامنىڭ سۆزىنى ئەمدى ئاڭلى- غاندەك:

— سەنمۇ ياردەم قىلغىن، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوش، كۈچسىز ئىدى.

ئايرىلىدىغان جايىغا كەلگەندە ئىلھام جۇرئەتتىن سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى ئاداش، ئەجەب پەرىشان بولۇپ قالدىڭغۇ؟

— ھېچ گەپ يوق، خوش...

جۇرئەت شۇنداق دېگىنىچە ئىلھامنى ھەيران قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

## 12. خاتا ھامان خاتا

ياسىن ئاكا ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغاچقا ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سورىغانىدى. بۈگۈن ئۇ چايدىن كېيىن دوختۇرغا كۆرۈندى. قايتىشىدا «جۇرئەتنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقاي» دېگەن ئوي بىلەن مەكتەپكە باردى. ياسىن ئاكا سوراشتۇرۇپ ئەدەبىيات ئىشخانىسىغا كىرگەندە ھاۋاگۈل مۇئەللىم يالغۇز ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى.

ھاۋاگۈل مۇئەللىم ياسىن ئاكىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— جۇرئەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقاي دەپ كېلىشىم، — دېدى ياسىن ئاكا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — ئۇنىڭ ھازىرقى ئوقۇش ئەھۋالى قانداقراق؟

— جۇرئەتنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىدە ئانچە چوڭ گەپ يوق، — دېدى ھاۋاگۈل مۇئەللىم، — بەلكىم سىلىگىمۇ ئېيتقاندۇ، ئۇنى سىنىپىمىزنىڭ قارا دوسكا گېزىتىگە مەسئۇل قىلغاندۇق، ئۇ تام گېزىتىنى ناھايىتى ياخشى چىقىرىۋاتىدۇ. بىراق بەزىدە تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي كېلىدىغان ياكى چالا ئىشلەيدىغان ئەھۋاللار بار. لېكىن بۇنىمۇ ئۇنىڭ-

ـدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ شۇنچە كۆپ بالىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ. سىلى بۇ ئىشنىڭ جاپاسىنى ئوبدان بىلىلا، بۇنىڭدىن كېيىن تۇزىتىپ كەتسە بولىدۇ.

ياسىن ئاكا ھاۋاگۇل مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بې-شىنى لىڭشىتتى. ئاندىن بىر ئاز ئويلىنىپ قېلىپ:

— باشتا ئۇ شېئىر يېزىشقا ئوتتەك قىزىدى. مەن ئۇنى بۇ ئىشقا بەك بېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىۋىدىم، كې-يىن ئۆزلۈكىدىن يازمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ، نېمە، — دېدى.

— ياق، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم ھەيران بولغان-دەك، — ئۇ تېخىمۇ ياخشى شېئىرلارنى يېزىۋاتىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز، — دېدى ياسىن ئاكىمۇ ھەيران بولۇپ، — بۇرۇن ئۇ يازغانلىرىنى ماڭا كۆرسىتەتتى. ئەمد-سە نېمىشقا ماڭا كۆرسەتمەيدىكىنە؟

ھاۋاگۇل مۇئەللىم بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن بىر پارچە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلى-رى» گېزىتىنى ئېلىپ ياسىن ئاكىغا سۇندى:

— قارىغاندا بۇمۇ خەۋەرلىرىدە يوق ئوخشىمامدۇ. مانا جۇرئەتنىڭ بىر پارچە شېئىرىمۇ ئېلان قىلىندى تېخى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدىنقى جۇمە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن شېئىر مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ شېئىرى بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچماقچى...

ياسىن ئاكا شېئىرغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، چۆچۈپ كەتتى.

— ھوي، بۇ قانداق ئىش؟

— نېمە؟ — ھاۋاگۇل مۇئەللىممۇ چۆچۈگىنىچە ياسىن

ئاكىغا قارىدى. ياسىن ئاكىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەت-
كەن بولۇپ، قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرات-
تى. بىر چاغدا ياسىن ئاكا ئۆزىچىلا سۆزلەپ كەتتى:

— خەپ جۇرئەت، كىچىككىنە تۇرۇپلا مۇشۇنداق ئىش-
نى قىلدىڭمۇ؟ ئەمدى سېنى نېمە قىلسام بولار... ھەي
جۇرئەت، ھەي جۇرئەت... ئەستا...

ھاۋاگۈل مۇئەللىم تېخىمۇ ھەيران قالدى ۋە جىددىيلى-
شىپ سورىدى:

— ياسىن ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟

ياسىن ئاكا «ھەي...» دەپ ئېغىر بىر تىنىپ، ئۆزىنى
بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن:

— سىلەر بۈگۈندىن بىر - ئىككى ھەپتە بۇرۇن دېكلا-
ماتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى ھاۋاگۈل مۇئەللىم ھېچ نەرسىنى
چۈشىنەلمەي، — ياق، بىز پەقەت ئالدىنقى جۈمە كۈنى شې-
ئىر يېزىش مۇسابىقىسىلا ئۆتكۈزدۇق.

— ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى ياسىن ئاكا
بېشىنى چايقاپ.

— نېمە ئىش بولدى؟ — ھاۋاگۈل مۇئەللىم ئالدىراپ
سورىدى.

— قاراڭ، — دېدى ياسىن ئاكا ئاچچىق كۈلۈپ، — بىر
كۈنى ئولتۇرسام جۇرئەت: «ۋاي ئاتا، سىنىپتا دېكلاماتسىيە
مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى، بىر پارچە شېئىر يېزىپ بەر-
سەڭ» دېۋىدى. بۇرۇن مەشىق قاتارى يازغان بۇ «بور»
دېگەن شېئىرنى بىر ئاز تۈزىتىپ بەرگەنىدىم. مانا ئەمدى
ھەي... ئەسلىدە ماڭا يالغان ئېيتىپ... ئەستا...

ھاۋاگۈل مۇئەللىم نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھاللا

چۈشەندى ۋە جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ياسىن ئاكىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

ياسىن ئاكا خېلىغىچە پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك:

— قېنى، مەن ئۇنىڭ مۇسابىقە شېئىرىنىمۇ كۆرۈپ باقاي،— دېدى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم ياسىن ئاكىنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ، جۇرئەتنىڭ «گۇل تۇتىمەن ساڭا ئۇستاز» دېگەن شېئىرىنى ئېلىپ بەردى. ياسىن ئاكا شېئىرنى بىر ئاز ئوقۇپلا ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى:

— ھەي جۇرئەت... ھەي جۇرئەت...

ھاۋاگۇل مۇئەللىم تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— قاراڭ، يەنە مېنىڭ شېئىرىمنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ياسىن ئاكا بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلىپ.

— نېمە؟— ھاۋاگۇل مۇئەللىم ھەيرانلىقى ۋە ئىشەنمەسلىكىنى يوشۇرالمىدى.

— مەن ئۇنى بۇنداق ئىشلارنى قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم،— دېدى ياسىن ئاكا چوڭقۇر ئويلىنىپ،— ئۇ نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلغاندۇ؟ ناۋادا جۇرئەت بۇ ئىشنىڭ ئىجادىيەتتە ناھايىتىمۇ نومۇسسىز ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىدى...

ھاۋاگۇل مۇئەللىم بىر ئاز تۇرۇپ قېلىپ، ھەر بىر سان قارا دوسكا گېزىتىدىكى ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋالغان خاتىرىسىنى چىقاردى. ياسىن ئاكا بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن

كېيىن:

— بۇلاردىكىنى ئۆزى يېزىپتۇ، مۇشۇنداق يېزىپ ماڭ-سىلا ئىككى - ئۈچ يىلدا ئوبدانلا يازىدىغان بولۇپ قالامدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى، — دېدى. ئاندىن خاتىرىنىڭ بىر يېرىنى ئېچىپ ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئىلھام دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— جۈرئەت بىلەن ئىلھامنى «قوشماق ھەۋەسكار» دې-سەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ھاۋاگۈل مۇئەللىم بىر ئاز ئېچىل-لىپ، — ئۇلار بۇرۇندىنلا ئەدەبىياتقا قىزىققان، ھازىرمۇ سىنىپىمىزدا ئاساسەن بۇ ئىككىسى داۋاملىق شېئىر يېزىپ كېلىۋاتىدۇ، ھە راست، ئىلھامنىڭ «گۈزەل چۆش» دېگەن شېئىرى ئىككىنچى بولدى، كۆرۈپ بېقىڭ.

ياسىن ئاكا شېئىرنى ئىككى نۆۋەت ئوقۇپ چىقتى ۋە:

— بۇ بالىدا تالانت بار ئىكەن، قاراڭ شېئىرنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى، پىكرىمۇ يېڭى. ھازىر مۇشۇنداق شېئىر-لار ئالقىشقا ئېرىشىۋاتىدۇ. بىراقزە، ئىپادىلەش كۈچى ئا-جىز كەن، — دېدى.

ھاۋاگۈل مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتىپ ياسىن ئاكىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— شۇنداق، مەنمۇ ئۆزۈمدىن بۇيان ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتىم.

ياسىن ئاكا جۈرئەتنى يادىغا ئېلىش بىلەن يەنە چىرايى تۈتۈلدى:

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ،

ئۇنى ئوبدانراق تەنقىدلىمىسەك يامان يولغا كىرىپ قالغۇ-
دەك، سىز ئۇنى چاقىرىپ چىققان بولسىڭىز.
— بولىدۇ، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم سائىتىگە
قاراپ، — ۋاقىت توشىدىغانغا ئاز قاپتۇ. ئەمدى شۇ...
بالىنى بەك ئەدەپلىمىسىلە.

## 13. شائىرچاق

ھاۋاگۇل مۇئەللىم جۇرئەتنى چاقىرىش ئۈچۈن ئورنى-
دىن تۇراي دېيىشىگە بىرى ئىشىكنى ئالدىراپ ئېچىپ كى-
رىپ كەلدى.
ئۇ ئىلھام ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە گېزىت بار
ئىدى.
— مۇئەللىم، سىلى يازغان خەۋەر چىقىپتۇ. گېزىتكە
چىقىپتۇ، يەنە مېنىڭ... مېنىڭ...
ئىلھام ياسىن ئاكىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ توختاپ
قالدى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئىلھامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ
كۇلۇپ كەتتى ۋە ياسىن ئاكىغا:
— ئىلىھام دېگەن بالا مۇشۇ، — دېدى ئىلھامنى
تونۇشتۇرۇپ.
— سەن بىزنىڭ ئۆيگە نەچچە قېتىم بارغانغۇ
دەيمەن، — دېدى ياسىن ئاكا كۇلۇپ تۇرۇپ، — ئەجەب
خۇشال بولۇپ كېتىپسەنغۇ. ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي.
ئىلھام گېزىتنى تارتىنىپ ياسىن ئاكىغا سۇندى. يا-
سىن ئاكا ئالدى بىلەن ھاۋاگۇل مۇئەللىم يازغان خەۋەرنى

كۆردى:

— هاۋاگۈل مۆئەللىم، خەۋەرنى ياخشى يېزىپسىز، — دېدى ياسىن ئاكا ۋە ئەدەبىيات بېتىنى ئېچىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئىلهامغا قاراپ قويدى، ئاندىن هاۋاگۈل مۆئەللىمگە قاراپ:

— راست خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەن، — دەپ گېزىتنى سۇندى. هاۋاگۈل مۆئەللىم بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ۋاھ ئىلهام، سەنمۇ بوش ئەمەس جۇمۇ، — دەۋەتتى.

ئەسلىي ئىلهامنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغانىدى.

— بالام، — دېدى ياسىن ئاكا، — باشقا شېئىرلىرىڭنىمۇ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

ئىلهام بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. چۈنكى ئۇ ياسىن ئاكىنى ئوبدان بىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭ باللار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغانىدى.

— بولىدۇ، سىنىپتىن ئاچىقىپ بېرەي.

ئىلهام ئىشىككە ماڭغانىدى، ياسىن ئاكا:

— جۈرئەتنىمۇ چاقىرغاچ چىققىن، مېنى كەلدى دېمىگىن، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىلهام بىر دەپتەرنى كۆتۈرۈپ يالغۇز چىقتى. ئۇ دەپتەرنى ياسىن ئاكىغا سۇنۇپ:

— جۈرئەت قارا دوسكا گېزىتىدىكى بىر شېئىرنى ئازراق ئۆزگەرتىپ قوياي دەپ قالدى. بىردەمدىلا چىقىدۇ، — دېدى.

ياسىن ئاكا شېئىرلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئون نەچچە پارچە شېئىرنى كۆرگەندىن كېيىن:

— هوي ئىلهام، يېتىشىپ قاپسەن جۇمۇ، سېنى شا-ئىرچاق دەپ ئاتىساق بولغۇدەك. مۇشۇ بويىچە ماڭساڭ سەن-دىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ بالام، — دېدى ۋە دەپتەرنى هاۋاگۈل مۇئەللىمگە سۇندى. هاۋاگۈل مۇئەللىم دەپتەرنى ۋاراقلاپ:

— ئىلهام، نېمىشقا بۇلارنى ماڭا كۆرسەتمىدىڭ؟ — دېدى ئاندىن دەپتەرنىڭ ئارقا - ئالدىغا قاراپ، — نېمانچە جىق، قاچانلاردا يېزىپ بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئىلهام:

— كەچقۇرۇنلىرى، — دەپ پەسكە قارىدى.

— شېئىرلار هەقىقەتەن ياخشىكەن. قارىغاندا ئويلاشقا، پىكىر قىلىشقا ماهىر ئوخشايسەن، يەندىمۇ تىرىش-قىن، كۆپىرەك كۆرۈپ بەرگىن، — دېدى ياسىن ئاكا مەمنۇنلۇق بىلەن.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ جۈرئەت كىرىپ كەلدى ۋە ئاتىسىنى كۆرۈپ بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇلار-نىڭ قېشىغا كەلدى.

ياسىن ئاكا جۈرئەتنى كۆرۈپ چىرايىنى تۈردى ۋە گې-زىتنى قولىغا ئالدى:

— جۈرئەت!

جۈرئەت چۆچۈپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ياسىن ئاكا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گېزىتنى جۈرئەتكە سۇندى. جۈرئەت گې-زىتنى كۆرۈپلا هەممىنى چۈشەندى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىل-

مەي ھاۋاگۇل مۇئەللىمگە قارىدى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم پەرد-
شان ھالدا پەسكە قاراپ تۇراتتى. ئىلھام بولسا ھېچ نەرسىنى
چۈشەنمەي ھەيرانلىقتا قالغانىدى.



— جۇرئەت، سەن مۇشۇنداقمۇ ئىشنى قىلامسەن؟ خىد-
جىل بولمىدىڭمۇ؟ سەن كىچىكىڭدىن مۇشۇنداق ناچار ئىل-
لەتنى ئۆزۈڭگە دوست قىلىۋالساڭ، كېيىنچە قانداق قىلى-
سەن؟ يالغانچىلىقىڭچۇ تېخى. يالغان ئېيتىش سەنچە ياخشى
ئىشمۇ؟ ھېلىغۇ مەن يېزىپ بەرگەن شېئىرنى گېزىتكە بې-
رىپسەن. ناۋادا مەن يوق بولغان بولسام ياكى ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسام قانداق قىلاتتىڭ، باشقىلارنىڭ-
كىنى كۆچۈرەمتىڭ؟ ئۇ چاغدا ئاقىۋىتىنى ئويلاپ باق…

ياسىن ئاكا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، سىلىقراق بو-
لۇشقا تىرىشىپ، ئالدىرىماي شۇلارنى دېدى.

بۇ چاغدا جۇرئەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىلھام جۇرئەتكە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي قالدى.

— بولدى، ئەمدى يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىل. سەن ئىلھامدىن ئۆگەن. قارا ئۇنىڭ ياردەم قىلىدىغان ئادىمى يوق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ نەتىجە قازىنىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئىلھامنى ئۆزۈڭگە ئۈلگە قىلىپ، تىرىشقىن، ھە راست، — دېدى ياسىن ئاكا ھاۋاگۇل مۇئەللىمگە، — مۇسابىقە نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىڭ، ئىلھامنىڭ شېئىرى بىرىنچى بولۇشقا لايىق...

ھاۋاگۇل مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتتى.

— جۇرئەت، سەن ياخشىراق ئويلاپ باققىن، — دېدى ياسىن ئاكا يەنە.

جۇرئەت يېشىنى سۈرتۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ ئىلھامغا قاراپ «ئەمدى سەندىن ئۆگىنىمەن، مەن نام چىقىرىشقا بېرىلىپ ئاخىر خىجالەتكە قالدىم. ئەمدى سېنىڭ كەمتەرلىكىڭنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شۇ چاغدا دەرسكە قوڭغۇراق چېلىندى.

— دەرسكە كىرىڭلار، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئۇلارغا.

ئىلھام:

— ياق، — دەپ جۇرئەتنىڭ قولىنى تۇتتى.

ئىككى دوست — «قوشماق ھەۋەسكار» ئىشىكتىن خۇشال ھالدا چىقىپ كەتتى.

# 14. ئاسرايلى سەبىي قوللارنى

شۇندىن كېيىن تام گېزىتنىنى جۇرئەت بىلەن ئىلھام بىللە ئىشلەيدىغان بولدى. جۇرئەتمۇ بۇرۇنقىدەك شوخ، جانلىق، تىرىشچان ھالىتىگە قايتىپ بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە قايتا ئېرىشتى. ئۇ شۇ چاغدىلا دوستانە، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ ئۆتۈشنىڭ ئادەمگە خۇشاللىق ئەكېلىدىغانلىقىنى، ھەسەتخورلۇقنىڭ، چىددىماسلىقنىڭ ئاقىۋەتتە ئادەمنى يەرگە قارىتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

بىر كۈنى ئۇلار تام گېزىتنىڭ نەقىشلىرىنى ئىشلەۋاتاتتى. بىر گۈلنىڭ بەرگى قالغاندا سائەت توشۇپ قالدى. بۇ سائەتتە تەنتەربىيە دەرسى بولغاچقا ئۇلار تۈگىتىۋېتىشكە تىرىشتى. شۇ خىيال بىلەن ئۇلار سىنىپقا كىرگەن تەنتەربىيە مۇئەللىمىگە «مۇئەللىم ئازراق قالدى» دەپ قويۇپ ئىشنى قىلىۋەردى. چۈنكى ئۇلار بۇ مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى دەرھاللا مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئولتۇرۇش! !

زەردە بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپتىن چۆچۈگەن ئىلھاملار كەينىگە بۇرۇلۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. تەنتەربىيە مۇئەللىمى قوۋۇزلىرى قىمىرلىغان، چىرايى كۆكەرگەن ھالدا ئۇلارغا مىختەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ ئىشىڭلار ئىش بولۇپ، تەنتەربىيە دەرسى دەرس ئەمەسمىكەن!

قارىغاندا تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ بىرەر ئىشقا ئاچچى-

قى كېلىپ قالغان چېغى. ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئوبدان بىلە-
دۇ. ئەگەر ئائىلىسىدە ياكى مەكتەپتە بىرەرى بىلەن خاپىلە-
شىپ قالىدىغان بولسا، بۇ مۇئەللىم خاپىلىقىنى سىنىپقا —
دەرسكە سۆرەپ كىرەتتى ـ دە، ئاچچىقىنى ئوقۇغۇچىلاردىن
چىقىراتتى ياكى ئوقۇغۇچىلارنى مەيدانغا قاتار تىزىپ قويۇپ
بولۇشىغا يۈگۈرتەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق يۈگۈرۈش-
كە مادارى قالماي ئولتۇرۇشۇپ قالغاندىلا بولدى قىلاتتى،
ياكى يەر بېغىرلاش ھەرىكىتىنىڭ قېتىم سانىنى زىيادە ئاشۇ-
رۇپ ئوقۇغۇچىلارنى يەرگە چاپلىشۇەتمىگۈچە بولدى قىلمايت-
تى. ئۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇتلىرىغا
تېپىپ، ياقىسىنى سىقىپ سۆرەپ يۈرۈشلىرىچۇ تېخى!
شۇڭا، ھازىرمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا ئاچ-
چىقى كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.
ئىلھاملارمۇ ئاستا بېرىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.
تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئاچچىقىدا يەنە بىر نەرسە دەي
دەپ تۇرۇشىغا بىر ئوقۇغۇچى كېچىكىپ سىنىپقا كىردى.
بۇنى كۆرگەن تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ ئاچچىق نەشتىرى ئۇ
ئوقۇغۇچىغا بۇرۇلدى:
— ھە، يەنە كېچىكە، ھەي ياغاچ قۇلاق، تاماقىمۇ
مۇشۇنداق كېچىكىپ باقساڭ بولامدۇ؟ نەچچە قېتىم بولدى
ساڭا. سەن زادى مەن بىلەن ئېيتىشىسەن، گېپىمنى ئاڭلى-
مايسەن. كۇلۇپ بەرسەم سەن مېنى ئاچچىقى يوق دەپ
ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ — تەنتەربىيە مۇئەللىمى ۋارقىراپ سۆزلە-
ۋېتىپ ئوقۇغۇچىلارغا بۇرۇلدى، — ھەممىڭ مەيدانغا
چىقىش.
بۇرۇن «تەنتەربىيە دەرسى» دېسە خۇشاللىقتىن بېشى

ئاسمانغا يېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەمدى سالپىيىشقىنىچە مەيـ-
دانغا مېڭىشتى. ئۇلار قورقۇشقىنىچە يەر تېگىدىن بىر -
بىرىگە قارىشىپ قوياتتى. ئاقىۋەتمىغۇ ئۇلار قورققان يەردىن
چىقتى: بۇرۇن باللارنى توپ ئويناشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى
بىر چەتتە موخۇركىسىنى چېكىپ ئولتۇرىدىغان مۇئەللىم
بۈگۈن نېمىشقىدۇر باللار بىلەن تەڭ مەيدانغا چۈشۈۋالدى.
ئەمما باللار توپ ئويناشتا سۇسلۇق قىلغانچە، ئۇ كۆچەپ
ئويناپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ «تۇتە» دەپ توپنى ھېلىقى
كىچىككەن بالىغا كۈچ بىلەن ئاتتى. زەربە بىلەن ئېتىلغان
توپ ئۇ بالىنىڭ قوللىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ مەيداننىڭ سىرـ-
تىغا چىقىپ كەتتى. بىراق، بالا «ۋاي قولۇم» دېگىنىچە
ئولتۇرۇپ قالدى. باللار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىغا قاـ-
راشتى ۋە چۆچۈپ كېتىشتى: بالىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ باش
بارمىقى بىر دەمدىلا ئىششىپ چىققانىدى. بۇنى كۆرگەن بالىـ-
لار «قەستەن قىلدى، قەستەن قىلدى» دېيىشىپ مۇئەللىمـ-
گە قاراشتى. مۇئەللىم بولسا «توپنى چىڭ تۇتمىسا مۇشۇنـ-
داق بولىدۇ» دەپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىشخانا
تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ تەنتەربىيە باشلىـ-
قىغا ۋارقىرىدى:

— ئادەم ئالماشتۇرۇپ ئويناۋېرىڭلار!

بۇ ئىش باللارنىڭ ئېدىيىسىدىن پەقەت ئۆتمىدى. ئوـ-
قۇغۇچىلار بۇ ھەقتە خېلى غۇلغۇلا قىلىشقان بولسىمۇ، لېـ-
كىن تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ھاۋاـ-
گۇل مۇئەللىمگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— بۇ ئىشقا بەك ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ ئاداش، — دېدى
جۈرئەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، — تەنتەربىيە مۇـ-

ئەللىمى نېمىشقا بىزگە ئۆگەي بالىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۆچلۈك قىلىدۇ؟ بىز ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسىغۇ.

— توغرا دېدىڭ، مېنىڭمۇ خىيالىمدىن چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى ئىلھام نارازىلىق تەلەپپۇزىدا، — مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن: مۇشۇ ھەقتە بىرەر ئەسەر يېزىپ تام گېزىتىگە چىقىرىمىزمۇ - يە؟

— توغرا، — دېدى جۇرئەت قىزغىنلىق بىلەن، — سەن بىر ئەسەر ياز. تام گېزىتىگە چىقار. ھېچ بولمىسا ھاۋاگۇل مۇئەللىم بولسىمۇ بىلىپ قالسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئىلھام شۇ كەچتىلا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئەمما، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ھەقتە تۈزۈك شېئىر يازالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئويلىغانلىرىنىلا يېزىپ چىقماقچى بولدى. ئۇنىڭ قەلىمى قەغەز يۈزىدە يورغىلاپ بىر سەبىي قەلبىنىڭ چۇقانى ياڭراشقا باشلىدى:

## «سەبىي قوللارنى ئاسرايلى»

مۇئەللىم، سىز ئوقۇغۇچىڭىزنىڭ قولىنى يارىلاندۇرغىنىڭىزدا، ئۇ قول بىلەن تەڭ بىزنىڭمۇ قولىمىز، يۈرىكىمىز يارىلاندى. ئېيتىپ بېقىڭ: ئۇ ئاشۇنداق يارىلاندۇرىدىغان قولمۇ؟

ياق، ئۇ قول سىزگە ئوخشاش ئۇستازلار ئۆگەتكەن بىلىملەرنى ئىشلىتىدىغان قول — چىرايلىق خەتلەرنى يازىدىغان، مۇرەككەپ ھېسابلارنى ئىشلەيدىغان، سىنىپلارنى تازىلايدىغان، ئۆيلەردە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان قول! شۇنداقلا ئۇ قول ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى كۈنى سىزلەر-

گە گۈل تۈتىدىغان، بايرام ئۈچۈن باراban چالىدىغان قول.
مۇئەللىم سىز مۇشۇنداق قولنى يارىلاندۇردىڭىز. ئەمەلىيەت-
تە بۇ سەبىي قولنى قوغدىشىڭىز كېرەك ئىدى. شۇڭا شۇن-
داق خىتاب قىلىمەن: «ئۇستازلار، سەبىي قوللارنى
ئاسرايلى!»
ئەتىسى جۈرئەت بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ ئىلھامغا ھەيران
بولۇپ قارىدى.
— ئاداش، ھەرقانچە قىلىپمۇ شېئىر يازالمىدىم.
شۇڭا…، — ئىلھام «قاملاشمىغان بىر نەرسە يېزىپ قوي-
دۇم» دەپ بەك ئوڭايسىزلاندى.
— ياق، ئوبدان يېزىپسەن ئاداش، ئوقۇپ تەسىرلىنىپ
كەتتىم. ئەمما بۇنى نەسر دەيمىزمۇ، ماقالە دەيمىزمۇ؟ —
دېدى جۈرئەت قىزغىنلىق بىلەن.
— مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى ئىلھام.
— نەسر دەيلى، ئاتاممۇ مۇشۇنداق يازغانلىرىنى نەسر
دەيدىغان، — دېدى جۈرئەت.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار تام گېزىتىگە مۇشۇ ئەسەرنى
چىقاردى.
ئەتىسى بىرىنچى سائەتتە تەنتەربىيە دەرسى ئىدى. تەن-
تەربىيە مۇئەللىمى سىنىپقا قوللىرىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تى-
قىپ كىرىپ كەلدى ۋە شۇ ھالدا تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش
قىلدى:
— بۈگۈن مەيدانغا چىقىپ ئالدى بىلەن مېڭىش -
تۇرۇشنى مەشىق قىلىمىز. ئاندىن…
تەنتەربىيە مۇئەللىمى تام گېزىتىگە قاراپ تۇرۇپلا قال-
دى. قارىغانچە چىرايى تاتاردى، قولى ئىختىيارسىز يېڭىدىن

چىقىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار «ئاپلا» دەپ تۇرۇشىغا تەنتەربىيە مۇئەللىمى: «سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار مۇشۇ» دېگىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كې- تىشىگىلا بالىلار «هوي» دەپ ۋارقىراپ كېتىشتى.

ئازدىن كېيىن هاۋاگۇل مۇئەللىم ئالاقزادە بولۇپ سى- نىپقا كىرىپ كەلدى ۋە تام گېزىتىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرت- كەندىن كېيىن، جۇرئەتنى سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئاچچىقىدا بۇ ئىشنى مەكتەپ مۇ- دىرىغا ئىنكاس قىلدى. ئەمما بۇ ئىنكاسنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىشالماي قالغانىدى.

مەكتەپ مۇدىرى ئەهۋاللارنى تەنتەربىيە مۇئەللىمىدىن ۋە هاۋاگۇل مۇئەللىمدىن بىرەر قۇر ئاڭلاپلا، ئەهۋالنى چۈشىنىپ بولغانىدى. شۇڭا گەپنى كېسىپلا ئېيتتى:

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشىنى ئايرىم دېيىشىمىز. ئالدى بىلەن سىزنىڭ قىلمىشىڭىز توغرۇلۇق توختىلاي: ئۆزىڭىز بىلىسىز، هەرقانداق ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى، شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ. سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز ئوچۇقلا تەن جازاسىغا كىرىدۇ. بۇ هەقتە ناهىيىدە يېڭىلا يىغىن ئېچىلىپ، بۇ نۇقتىنى قاتتىق تەكىت- لىگەنىدى. شۇ يىغىندا ناهىيىمىزدىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بىر ئىش تەنقىدلەندى. بىر ئوقۇتقۇچى ئاچچىقى- نى كەلتۈرگەن ئىككى ئوقۇغۇچىنى سىنىپتا ئېلىپ قېلىپ تەكشۈرۈشنامە يازغۇزماقچى بوپتۇ. ئۇ ئىككى ئوقۇغۇچى بولسا تەكشۈرۈشنامىنى يېزىپ بولۇپ، مۇئەللىمنى ساقلاپ-

تۇ. بىراق مۇئەللىم بولسا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئىككى ئوقۇغۇچى سىنىپتا مۇزلاپ كېتىپ پارۋايىغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن پارۋاينىڭ شامال چى-قىرىۋېتىش جۇمىكى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار چىقىۋاتقان سۇنى ئېتىۋالماقچى بوپتۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلار چۆپ - چۆپ هۆل بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئامالسىز ئۆيلىرىگە مېڭىپتۇ. ئۇ-لارنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىلىرى كەلمىگەچكە، مەكتەپكە ئىزدەپ كېتىۋاتسا بالىلىرى ئۇستۇېشىدا مۇز توڭلىغان هالدا كېلىۋاتقۇدەك... ئۇ بالىلار بىر هەپتە بالنىستتا يېتىپ سالا-مەتلىكى ئاران ئەسلىگە كېلىپتۇ. شۇڭا هېلىقى ئوقۇتقۇچىغا بىر يىل سىناش، بىر دەرىجە مائاشىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بەردى. بۇ ئىشنىڭ چېكىتى قويۇلماي تۇرۇپ، سىز بۇ ئىشنى چىقارسىڭىز... مەن ئوچۇقلا ئېيتاي: بۇ قېتىم سىز-نى بوپتۇ قىلىۋېتەيلى. لېكىن ئىككىنچى قېتىم مۇشۇنداق ئىش سادىر قىلىپ قويسىڭىز مېنىڭدىن ئاغرىنماڭ.

تەنتەربىيە مۇئەللىمى بېشى ساڭگىلىغان پېتى ئىشخانى-دىن چىقتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى: «هەي، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم - هە؟ نېمىشقا ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىمەن؟ ئۇلار نېمىلا بولسا مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمغۇ؟»

مەكتەپ مۇدىرى هاۋاگۇل مۇئەللىم بىلەن چىرايلىقچە سۆزلەشتى.

— سىزنىڭ كەسپي قابىلىيىتىڭىز، پائالىيەتچانلى-قىڭىز ۋە ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش روھىڭىزدىن پۈتۈن مەك-تەپ رەهبەرلىكى بەك رازى، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. بۇ

قېتىمقى ئىشقا كەلسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان بۇ پوزىتسىيىسى بولماپتۇ.

— مۇدىر، — دېدى ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئۆزىنى تۇتۇۋا-لالماي، — ئۇ مۇئەللىمنىڭ مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى بەك كۆپ. خېلى بولدى مەنمۇ سىنىپقا ئېغىز ئاچاي دەپ يۈرگىلى. ناۋادا ئۇنى ۋاقتىدا توسۇمىساق ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا كىم مەسئۇل؟ يەنە كېلىپ ئوقۇتقۇ-چى بولغان ئادەم ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنمەكتە يوق…

— ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ئايرىم گەپ، ئۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشلىرىنى ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپ قىلىپ يۈرسە، كىم كىمگە ئىگە بولىدۇ؟ شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەقسىتى توغرا، ئۇسۇلى خاتا بولغان. بىز مۇنداق ئىشلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ، ئوقۇ-غۇچىنىڭمۇ ئىناۋىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك. كۆپرەك ئو-قۇتقۇچىنىڭ ئابرۇيىنى نەزەرگە ئالمىساق بولمايدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىڭ. ئەمدى سىزگە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قارارىنى يەتكۈزەي: بىرى، سىز بۇ ئىشنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىمكان بار توغرا چۈشەندۈرۈڭ. ھەممىلا تەرەپكە بېسىم بولمىسۇن. ئىككىنچى، بالىلار زېھنىنى كۆپرەك ئوقۇشقا قاراتمىسا بولمايدۇ. قوشۇمچە نەرسىلەرگە بەك بېرىلىپ كەتسە دەرسكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا سىنىپىڭىز تام گېزىتىد-نى ۋاقتىنچە ئىشلىمەي تۇرۇڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاۋاگۇل مۇئەللىم دەرھال قارشى بىر نەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، «قارار» دېگەن سۆزنى ئويلاپ بولدى قىلدى.

شۇڭا ھاۋاگۇل مۇئەللىم ئىشخانىدىن روھسىز ھالدا

چىقتى ۋە سىنىپ باشلىقىنى چاقىرتىپ تام گېزىتىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى. ئوقۇغۇچىلار گىمـ. ناستىكىدىن قايتىپ كىرىپ دوسكىغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئىلھام بىلەن جۇرئەت خېلى قاتتىق سۇرۇشتۇرۇپمۇ كىمنىڭ ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلەلمىگەندىن كېيىن ھاۋا. گۇل مۇئەللىمنىڭ يېنىغا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ۋا. قىت توشۇپ ھاۋاگۇل مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن زورمۇ زور كۆلۈمسىرەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىـ. شىپ، — مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچـ. قا تام گېزىتىنى ۋاقتىنچە چىقارمايدىغان بولدۇق.

بۇنى ئاڭلىغان باللار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتـ. تى. ھاۋاگۇل مۇئەللىم بولسا خېلىغىچە جىم تۇرۇپ قالـ. دى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىلار ئانىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار گەرچە بەزىدە ئاچچىق قىلسىمۇ، بەزىدە سىلەرنى دۆشكەلەپ قويسىمۇ، ھەتتا ئۆزىنى باسالماي ئۇرۇپ سالسىمۇ، ئەمما ھەرگىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە سىلەرگە بولغان يامانلىق، ئۆچـ. مەنلىك يوق. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر ۋاقىت سىلەرنىڭ ئىستىقباللىرىنى ئويلايدۇ، ھەر ۋاقىت سىلەرنى كەچۈرىدۇ. سىلەرنىڭ بۇنى چۈشىنىـ. شىڭلارنى، ئۇلارنى كەچۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...

ھاۋاگۇل مۇئەللىم سۆزىنى داۋام قىلالماي قالدى ۋە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. باللار ھاڭۋاققانچە ئولتۇرۇپ قالدى...

مەكتەپتىن قايتقان ئىلھام بىلەن جۇرئەت بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىشەلمىدى ۋە جىم - جىملا خوشلاشتى.

— ئاتا، — دېدى ئىلھام قوتاندا ئىشلەۋاتقان ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، — بىز سىنىپىنىڭ تام گېزىتىنى ھازىرچە ئىشلىمەيدىغان بولدۇق.

ئىلھام شۇنداق دەپ بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا دەپ بەردى ۋە:

— ئاتا، نېمىشقا بىر ئوبدان چىقىۋاتقان تام گېزىتىنى توختىتىپ قويىدۇ؟ بىز ئويلاشتۇق، ئىمتىھاننى باھانە قىلىغىنى يالغان. يەنە نېمىشقا بىزنىڭ تەنتەربىيە مۇئەللىمىمىزنى جازالىمايدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئابلا ئاكا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ھاۋاگۇل مۇئەللىم توغرا دەپتۇ، مۇئەللىملەر ھەر قانچە بولسىمۇ سىلەرگە يامان بولسۇن دېمەيدۇ. شۇڭا سەن ھە دېسە بىر نەرسە يازىمەن دەپ ئولتۇرۇۋالماي، ئۆگىنىشىڭگە كۆپرەك كۈچە، — دېدى.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلارمۇ تۈگىدى. تەتىلدە ھاۋاگۇل مۇئەللىمنىڭ تويى بولۇپ، تۇرپان شەھىرىدىكى بىر مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ ماڭىدىغان چېغىدا:

— مەن سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، سىلەر مېنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىم. چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇڭلار، يۇقىرى نەتىجەڭلەر بىلەن مېنى خۇش قىلىڭلار، — دېدى.

ئىككىنچى مەۋسۇمدە تام گېزىتىنىڭ ئىشى ئۆزلۈكىدىنلا بېسىلىپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار بۇرۇنقىدەك ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

# ئۈچىنچى قىسىم بالام، ئالدىڭغا قارا

## 1. يىتكەن پۇل

ھاۋاگۈل مۇئەللىمدىن كەلگەن خەتنى سىڭنىسىنىڭ ئىچىدە ئوقۇپ چىققان ئىلھام ئىختىيارسىز ھالدا تام گېزىتى ئىشلىگەن ۋاقىتلارنى ئەسلەپ كەتتى.

— ئىلھام، مۇئەللىم سېنى ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشخانىغا ئېلىپ چىقسۇن دەيدۇ.

ساۋاقداشنىڭ ئاۋازى ئىلھامنى خىيالدىن قايتۇردى. ئاددىي - ساددا كىيىنگەن چېچەن، خىيالچان ئىلھام ھازىر بۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ئىدى. ئۇ پارتىسىنىڭ ئۈستىدىكى دەپتەرلەرنى كۆتۈرۈپ سىنىپتىن چىقتى.

ئۇ توپا - چاڭ ۋە شېغىل ئارىلاش مەيداندا سەھراچە ئويۇنلارنى بېرىلىپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىشخانا تەرەپكە ماڭدى. توزان قونۇپ قارا تەرگە چۆمۈپ ۋاسكېتبول ئويناۋاتقان بالىلار ئۇنى بىر ئاز جەلپ قىلدى. لەپەڭشىپ قالغان گارغا ھەر قېتىم توپ تاشلانغاندا گار كۆچسىز سىلكىنەتتى. بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئىلھام، بولتۇر بۇ كونىراپ قالغان گار تاختىيىدىن بىر پارچىسى ئاجراپ چۈشۈپ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسىنى يېرىپ قويغانلىقىنى ئەسلىدى. گەرچە بالىلار بۇنى ئۇنتۇشمىغان بولسى-

مۇ، يەنىلا ھېچنېمىگە قارىماي چېپىشاتتى. ئۇلار ئۇچۇن تەنتەربىيىنىڭ ۋە بۇ دەرسنىڭ مۇشۇ بىرلا تۈرى مەۋجۇت، ئىككى گار، بىر توپ بولسىلا بولىدى. توپ بولىغاندىمۇ، ئۇلار ئۇچۇن پۇتبولمۇ، ۋالىبولمۇ بەرىبىر ئىدى. تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ، توپىغا مىلىنىشىپ گارغا توپ تاشلىشاتتى.

باللار تاكاللىشىپ ئويۇن بۇزۇلغاندىلا ئىلھام ئىشخانىغا ماڭدى.

— ئىلھام، توختاپتۇر ئاداش.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ دەپتىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىراپ كېلىۋاتقان ئەلىنى كۆردى.

— ھەي، يەنىلا بىر مەسىلە ئېشىپ قالدى. بوپتۇلا، — دېدى ئەلى كېلىپلا.

— بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈڭ ئېلىپ چىقساڭمۇ بولىدىغۇ.

— بولىدىلا، — ئەلى شۇنداق دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئىلھام مۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك، كۆپىنچە باللار تاپشۇرۇقلارنى ئالدىراپ ئىشلىشىدۇ ياكى ئىلھام تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى يىغىشقا باشلىغاندا باشقىلارنىڭكىدىن كۆچۈرۇشكە باشلايدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئۇلگۇرتەلمىگەن ئوقۇغۇچىلار ئىلھامنىڭ كەينىدىن چاپىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۇلارنىڭ باھانىسى بار: مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىنكى ۋاقىت ئېتىز بېشىدا ئۆتىدىغان گەپ.

«باشقىلارغۇ مەيلى، — دەپ ئويلىدى ئىلھام، — مۇئەللىمىنىڭ بالىسى تۇرۇپمۇ... ئاتىسى سورۇشتۇرمەمدىكىن؟...» ئەلى ئۇلارنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئوسمان مۇئەللىمىنىڭ بالىسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئىلھام ھەيران ئىدى.

تەلەپچان ۋە قاتتىق قول ئوسمان مۇئەللىمنىڭ بالىسىنى مۇنداق قويۇۋېتىشى ئۇنى ئويلاندۇراتتى. تېخىمۇ ئەجەبلەندۇ-رەرلىكى، ئىمتىھانلاردا ئەلىنىڭ نەتىجىسى ئالدىدىراق تۇ-راتتى. بەزى مەۋسۇملەردە تەقدىرنامىمۇ ئالاتتى.

ئۇ ئەلىنىڭ دەپتىرىنى كۆرگەچ ئىشخانىغا ماڭدى، «كۆچۈرگەندىمۇ چالا كۆچۈرۈپتۇ» ئۇستەل ئۇستىدە تەكشۇ-رۇش ئۇچۇن تەييارلاپ قويغان — ئۇچ كۇن بۇرۇن ئېلىنغان چارەكلىك ماتېماتىكا ئىمتىھان قەغەزلىرى يېيىلىپ تۇرات-تى. ئۇ قەغەزلەرگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ قويۇپلا ئىشخا-نىدىن چىقتى.

مەيدان تەرەپتىن تەنتەربىيە مۇئەللىمى بەكرى كېلىۋا-تاتتى. ئىلھام ئىشخانا ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ سورىدى:

— تاپشۇرۇقلارنى ئەكىرگەن، مۇئەللىملەر يوققۇ؟

بەكرى مۇئەللىم تېزلىكىنى ئۆزگەرتمەي:

— چوڭ ئىشخانىدا، يىغىندا، — دېگىنىچە يىغىنغا كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ۋاقىتمۇ توشۇپ قالدى.

دەرس باشلىنىپ يىگىرمە مىنۇتتەك بولۇپلا، چىرايى جىددىي تۇس ئالغان بەكرى مۇئەللىم ئۇنى چاقىردى. ئۇلار ئۇنىسىز ھالدا ئىشخانا تەرەپكە مېڭىشتى. ئىلھام بۇنىڭدىن باشقىچە بولغاندەك بولدى. ئىشخانىدا سىنىپ مەسئۇلى قا-تارلىق بىر قانچە مۇئەللىم بىر قىسما ھالدا قىزىشىپ بىر نەرسە دېيىشىۋاتاتتى. ھەممىسى تەڭلا ئىلھامغا گۇمانىي نە-زەردە تىكىلىشتى. ئىلھام بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتتى.

ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنى باسالمىدىمۇ، كەسكىنلا ئېيتىۋەتتى:

— غوپۇر مۇئەللىمنىڭ ئالغىنىغا يېرىم سائەت بولمى-

غان مائاشى يىتوپتۇ، ئۈچ يۈز ئەللىك بىر كوي، پۇلنىڭ قانتى يوققۇ دەيمەن!

## 2. گۇمانلىق نىشان

بەكرى مۇئەللىم ئەمدىلا يىغىنغا كىرىشكە ۋاقتىمۇ توشتى، يىغىنمۇ توگىدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن ئىشخانىغا مىڭىشتى. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن دەرسى بارلار ئالدىراپ سىنىپقا مىڭىشتى. دەرسى يوقلار قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ئىشى مۇشۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقمايدىغان، لېكىن جاپالىق ئىشلار بىلەن قان - تەر سەرپ قىلىشىدۇ، بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغانلار قانچىلىك باركىن؟

— پۇلۇم يوق تۇرىدۇ.

غۇپۇر مۇئەللىمنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇلار غۇپۇر مۇئەللىمگە قاراشقاندا، غۇپۇر مۇئەللىم ئالاقىزادىلىك ئىچىدە تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ غودۇڭشىۋاتاتتى:

— مائاشىم... بايىلا ئېلىۋىدىم... ئەستا...

ئۇ بەك ھودۇقۇپ كەتكەنىدى، بىردەمدىلا ئۇنىڭ قورۇق چۈشكەن پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە، ئۇ بىر خىل مەھرۇملۇقنىڭ تۇرتكىسىدە چۈشەندۈرۈپ كەتتى:

— مائاشنى ئېلىپ ئەمدىلا ئىشخانىغا چىقىۋىدىم، يىغىن دېدى. نېمىنى ئويلىدىمكىن، پۇلنى ئۈستەل ئۈستىگە

لا قويۇپ قويغان چېغىم، يىغىنىدىن تاراپلا بۇ ئىسىمگە كەلدى. ئالدىراپ كەلسەم...

باشقىلارمۇ تەبىئىيلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشقانىدى.

— ياخشىراق قاراپ بېقىڭ. كۆرمەي قالغانسىز، — ئوسمان مۇئەللىم شۇنداق دېگەچ ئۇستەل ئاستىغا قاراشقا باشلىدى. غۇپۇر مۇئەللىم بولسا بىر خىل ئۈمىد ۋە ئارزۇ بىلەن بايا تەكشۈرۈپ چىققان يەرلەرگە قايتا - قايتا قاراپ چىقتى. يوق، ئۇ كەپكىسىنى قامالىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قانچە پۇل ئىدى؟

— ئۈچ يۈز ئەللىك بىر كوي. پۇتۇن ماياش، — غۇپۇر مۇئەللىم ئەلەم بىلەن شىۋىرلىغاندەك قىلدى، — تېخى بىر تىيىنىمۇ خەجلىگۈدەك بولمىغانىدىم.

— ئۇنداقتا بىرى ئالغان گەپ، — دېدى بەكرى مۇئەللىم شۈبھە بىلەن. ئۇنىڭدا تەنتەربىيىچىلەرگە خاس كەسكىنلىك ھەر ھالدا بار ئىدى، باشقىلارمۇ چۆچۈشۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى. بىراق ھەممىسى كۆزىدىكى گۇمانلىق نەزەرنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى غۇپۇر مۇئەللىم ئۇزاق ئويلىنىپ كېتىپ، — بۇ ئىشنى مۇئەللىملەر قىلمىدى. يىغىنغا ھەممىنىڭ كەينىدىن كىردىم.

يىغىنغا قاتناشمىغان بەكرى مۇئەللىم خۇدۇكسىرەپ قالغانىدى، غۇپۇر مۇئەللىم خىيال ئىلكىدە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەكرىنى چاقىرغىلى چىقسام، ئۇ ئىشخانىدىن ئەمەس، چوڭ مەيداندىن كېلىۋېتىپتۇ. مېنىڭچە...

مېنىڭچە... ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرى...

يۈرىكى تىنچلىنىپ، ئىشخانىنىڭ چوڭ ئىچىلغان دېرىزىسىنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە دەرەخلىكتىن كېلىۋاتقان سالقىن هاۋادىن چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقان بەكرى مۇئەللىم شۇ هامان باشقىچە بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تېزلىشىپ كېتەمدىكىن، بەكرى مۇئەللىم بىردەمدىلا نۇرغۇن تەھلىللەرنى قىلىۋەتتى ۋە:

— ئىلهام، — دەۋەتتى، — مەن مەيداندىن كەلگەندە ئىشخانىدىن چىقتى ۋە مېنىڭدىن: «مۇئەللىملەر يوققۇ؟» دەپ سورىغانىدەك قىلدى.

— راست، — باشقىلار بۇنىڭدىن ئەندىكىپ ئەسلىگە كېلىپ بولغۇچە، غۇپۇر مۇئەللىم ئۇستەلگە شاپىلاقلاپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — مەن بەكرىنى چاقىرغىلى چىققاندا ئىلهام دەپتەرلەرنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەتكەندەك قىلغان. شۇ چاغدا بەكرى مەيدان تەرەپتىن كېلىپ قالدى، مەنمۇ كەينىمگە ياندىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان مۇئەللىم تىترەك ئاۋازدا:

— ئاشۇ... ئىلهام - هە؟ — دەۋەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «ئوغرى» دېگەن نام بىلەن «ئىلهام» دېگەن ئىسىم بىر - بىرىگە ماسلاشمايتتى.

— باشقا بىرىنىغۇ كۆرمىدۇق، — دېدى بەكرى مۇئەللىمۇ ئويلىنىپ قېلىپ، — ئىلهامغۇ ياخشى ئوقۇغۇچى. بىراق...

— ئىلهامدىن بۇرۇنمۇ بىرى كىرگەن بولۇشى مۇمكىنغۇ، ئالدىراپ يەكۈن چىقارمايلى، — دېدى بىرى جىددىيلىكتىن ئۆزىنى بېسىپ، بۇنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايتتى.

— ئۇغۇ دۇرۇس، — دېدى بارغانچە ئۆزىگە كېلىۋاتقان

غۇپۇر مۇئەللىم خېلى تەمكىنلىك بىلەن، — بىراق كۆزىمىزگە چېلىققىنى ئىلھام، سۇرۇشتۇرۇپ باقساق…

— شۇنداق، شۇنداق قىلايلى. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ…

— شۇنداق، بالىنى چۆچۈتۈپ قويمايلى…

لېكىن، ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنى باسالمىدى. سىنىپنىڭ پەخرى بولغان ئوقۇغۇچى باشلانغۇچنى تۈگىتىدىغانغا بىر ئاي قالغاندا… مەكتەپ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان سەتچىلىك ھەممەيلەن ئۈمىدلىك كۆزىنى تىكىۋاتقان ئوسمان مۇئەللىمنىڭ سىنىپىدىن چىقسا؟ يەنە كېلىپ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوقۇغۇچىسى ئۆزىگە قارا يۇقتۇرۇۋالسا… بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەم بارمۇ؟

بۇ قېتىم ئوسمان مۇئەللىم ھەقىقەتەن ئۆزىنى باسالماي قالدى.

## 3. پۇلنى مەن ئالمىدىم

ئوسمان مۇئەللىمنىڭ غەزەپلىك كۆز نۇرلىرى ئالدىدا ئىلھامنىڭ ۋۇجۇدى سوغۇق تىترەپ، غەلىتە سېزىم ئىچىدە قالدى. بۇنىڭغا قوشۇلغان ۋەھىمىلىك چۈشىنىكسىزلىك ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

ئىلھامنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگەن ئوسمان مۇئەللىم سەل پەسكويغا چۈشتى:

— مۇنداق گەپ ئۇكام، غۇپۇر مۇئەللىم مائاشىنى ئېلىپ ئۈستەلدە ئۇنتۇپ قېلىپ يىغىنغا كېتىپ قاپتۇ، چىقسا يوق…

ئىلھامنىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز جىغىلداپ كەتتى. بالى-

لىق تۆيغۇ يامان بولىدىكەن. شۇ هامان ئۇنىڭدا پۇلنى مېنى ئالدى دەۋاتىدۇ، دېگەن ئوي تۇسالغۇسىز پەيدا بولۇپ كۆزىدە لۆممىدە ياش پەيدا بولدى.

ئىللىق چىرايلار دەرهاللا ئەسلىگە كەلدى، مۇلايىملاشتى، ئېھ، مۇئەللىملىك مېھىر! بۇ ئېسىل مېھىر شۇ پەيتتە ئازارلانغان سەبىي قەلبىنى سېزىپلا ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى.

— هەي، نېمە بولدۇڭ - هە، — غۇپۇر مۇئەللىم چاقچاق تەلەپپۇزىدا ئېيتتى، — يامان خىيالدا بولما، ئەھۋال ئىگىلەپ باقايلى دېدۇق.

لېكىن ئىلهام بايىقى ئويىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ يىغلامسىرايتتى:

— پۇلنى مەن ئالمىدىم...



— نېمە دەيدىغانسەن، — دېدى مۇئەللىم ئۇنى ئورۇن-دۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، — سەن بىر ئۇلگىلىك ئوقۇغۇچى. ھەممە مۇئەللىمنىڭ ساڭا باھاسى ياخشى. مەكتىپىمىزنىڭ پەخرى سەن، شۇڭا سەن بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتىمىز. بىزگە ياردەم قىلامسىدىكىن دېسدۇق. باشقىچە خىياللارنى قىلما.

— قورققۇدەك ئىش يوق، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم سىپايىلىك بىلەن، — بىرەر ئەھۋال سەزدىڭمۇ؟ مەسىلەن، بايا ئىشخانىغا كىرگەندە بىرەرىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ياخشى ئويلاپ باق.

دىققىتى چېچىلىپ كەتكەن ئىلھام تېخىچىلا خىيالىنى تەرتىپكە كەلتۈرەلمەيۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئوسمان مۇئەللىمنىڭ تۇنجى سۆزىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن بەك تاسادىپىي ۋە دەھشەتلىك زەربە بولغانىدى. ئوسمان مۇئەللىم بۇنى ھېس قىلىپ، باشقىلارغا «ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالسۇن» دېگەن نەزەردە قاراپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئەركىنرەك تۇتۇشۇپ قىلىشىۋاتقان ئىشلىرىنى داۋام ئەتكەندەك قىلىش-تى. ئىلھام بولسا ئىشخانا دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرەخلىككە تىكىلىپ قالغانىدى.

— ھە راست، — ئىلھام بىردىنلا ئىمتىھان قەغەزلىرى ئاستىدىكى بولاقنى ئېسىگە ئالدى، — مەن دەپتەرلەرنى قو-يۇپ قويغاندىن كېيىن، ئىمتىھان قەغەزلىرىگە قاراپ باققا-نىدىم. شۇ چاغدا پۇلدەك نەرسە چېلىققاندەك قىلىۋىدى، ئالدىراپ تۇرغاچقا... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمتىھان قەغەزلىرىگە قاراۋاتقاچقا زەن سالماپتىمەن. ئەسلى پۇلكەندە!

بۇلارنى دەۋاتقاندا ئىلھامنىڭ ياشلىق كۆزلىرى چاقناپ

كەتتى. ئۇنىڭچە، بۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئۇستىدىكى بارلىق گۇمانلار خالاس بولۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

غۇپۇر مۇئەللىم كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئوسمان مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتتى:

— بولدى، شۇ ئىش ئىدى. دەرسكە كىرسەك بولىدۇ. بالىلار ئارىسىدىكى گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىپ قويارسەن.

ئىلھام تېڭىرقاپ ئورنىدىن تۇردى. كۆڭلى سەزگەن ئىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئىشخانىدىكىلەرگە گۇمانلىق نەزەردە تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشخانىدىن ئارانلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارىشىدا ئالاقزادىلىك روشەن ئىپادىلىنىپ قالدى. سەۋەب ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسى قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى.

— نېمىلا بولسا، بۇ ئىش ئىلھامنى چۆرىدىگەن ئاساستا بىر تەرەپ بولىدۇ، — دېدى غۇپۇر مۇئەللىم ئاچچىق موخۇركىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ، — ئىلھام گۇمانلىق، ئەمما شۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭدا شۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك، بۇ بەك مۇھىم، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم تاماكىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ، — بولمىسا كۆڭلى سۇنۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ نازۇك تەرىپى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىر گۆدەك بالا. ئۇنىڭغا ئورۇنسىز ئازار بېرىپ قويساق دىلى رەنجىيدۇ. بۇ ھەممىمىزگە مەلۇملۇق.

بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ تاماكىسىدىن چىقىۋاتقان ئىس ئىشخانا ئىچىدە لەيلەپ، دېرىزىدىن چىقىپ دەرەخلىككە يې-

قىنلاپ هاۋاغا تارىلىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن كۆڭۈلدىكى ئىس ئاسان تاراپ كەتمەيدۇ ـ دە!

— مېنىڭچە، ئىلھامنى ئاساسلىق نىشان قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى باشتىن ـ ئاخىر ئۈن ـ تۈنسىز ئولتۇرغان ماتېماتىكا مۇئەللىمى، — ئىلھامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ پۇلنى كۆرۈپتۇ. دېمەك، پۇلنى باشقا بىرى ئالدى دېسەك، ئىلھامدىن كېيىن بىرى ئىشخانىغا كىرگەن بولىدۇ. لېكىن، ئىلھام ئىشخانىدىن چىقىپ بەكرى ئەپەندىگە يولۇققان، بەكرى ئەپەندى ئۇدۇل يىغىنغا كەلگەن. بىراق ئۇ كەلگەندە يىغىندىن تارقاپ تۇراتتۇققۇ. كەينىمىزگە يېنىپ كىرسەك پۇل يوق. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى مۇشۇ يەردىكى ۋاقىت. هە، هېسابلاپ كۆرسەك بەكرى ئەپەندى ئىلھامنى ئۇچرىتىپ قايتا بىز بىلەن كەلگۈچە ئارىدا كۆپ بولسا بىر مىنۇت ئۆتكەندۇ. بۇ ۋاقىتتا بىرەرىنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ پۇلنى چېلىقتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشخانىغا باشقا بىرەرسى كىرگەن بولسىمۇ بىزگە يولۇقار ئىدى. يەنە ئىلھامنىڭ بەكرى ئەپەندىدىن: «مۇئەللىملەر قېنى؟» دەپ سورىغىنىغا دىققەت قىلىڭلار. ئىلھامغا مۇنداق سوراش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ مېنىڭچە ئۇ ئۆزىدىكى هودۇقۇشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق سورىغان. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك.

ئومۇمي ئەهۋالدىن قارىغاندا بۇ تەهلىل ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. ئوسمان مۇئەللىمنىڭ قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن.

— ئۇنىڭ روهىي هالىتىمۇ نورمال ئەمەس، — دېدى بەكرى مۇئەللىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، — گەپ ـ سۆزىچۇ تېخى؟ «پۇلنى مەن ئالمىدىم» دېگەن سۆزىنىمۇ ئويلاپ بېقىڭلار: بۇ ئاقلاش سۆزىدىكى تەبىئىيلىك قانچىلىك؟ بالى-

لاردا ياسالما قىياپەتنى ۋايىغا يەتكۈزەلەيدىغان قابىلىيەت يوق. ئۇلار روھىي توسۇققا نىسبەتەن بەرداشسىز، ئىچىدىكىنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئىلھامىمۇ ئۆزىنى يوشۇرالماي قالدى.

— ئەمما بۇنىڭ بەك ئەنسىرەپ كەتكۇدەك يېرى يوق. كىچىك ـ تە، — دېدى خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان غۇپۇر مۇئەللىم، — بالىلار مۇنداق ئىشلارنى تۇيمايلا قىلىپ قويىغاچقا قورقۇپ كېتىدۇ. شۇڭا باشتا جاھىللىق قىلىدۇ، لېكىن ئاخىر قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ كۆڭلى كىرسىز. ئىلھامىمۇ شۇ، بەلكى بايا بەك قورقۇپ كەتكەندۇ.

بۇلاردىن شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ قالدىكى، ئىلھام پۇلنى ئالغان. ئەمما بايىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن••• كۇتۇش كېرەك. بەلكىم، بىردەمدىن كېيىنلا ئۆزى كېلەر.

— بىراق تېخى ئېنىق بولغىنى يوققۇ، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم ئەپسۇسلۇق بىلەن، — شۇڭا بىر تەرەپ بولغۇچە بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ كەتمىسە، باشقىلارنىڭ ئىناۋىتىگە ئورۇنسىز تەسىر يەتمىسۇن. مېنىڭچە بولسا، راست ئىلھام ئالغان تەقدىردىمۇ، ئىچىمىزدىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ياخشىراق تەربىيە قىلىپ قويساق، كېيىن ئۇنىڭ يۇزىگە سالمىساق ھەم يېيىۋەتمىسەك، ھەممىمىزگە ئايان، يۇرت كىچىك، ھەممىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ كېتىپ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىسۇن.

— دۇرۇس، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك.

— بايا دېيىلگەندەك، بالىلار كۆپىنچە بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيلا قىلىپ قويىدۇ، — دېدى غۇپۇر مۇئەللىممۇ ھېس-

داشلىق بىلەن، — بۇ ئىش ئىچىمىزدىلا قالسا. ھەر نېمە
بولسا ئىلھام بىزنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىمىز.
ھەممىسى يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى. راستتىنى ئېيتقان-
دا، ئوسمان مۇئەللىم تېخىچىلا ئىلھامنىڭ مۇنداق قىلىشىغا
ئىشەنمەي تۇراتتى. ھالبۇكى، بايىقى مۇھاكىمىلەر ئىسپات-
لاپ تۇرۇپتۇ... بۇنىڭغۇ ئۇمۇ قايىل. شۇنداق بولغاچقا ئۇ
ئىلھام ئۆزىنى بىلىپ، پۇلنى چاققانراق قايتۇرۇپ بەرسى-
كەن، دەپ تىلىدى.

## 4. ئاھ، ئۆگىنىش باشلىقى

ئىلھام ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەنىدى. مۇئەللىملەر
ئوچۇق بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەن-
دى. كۈتمىگەن ئەلەم تۈپەيلى ئۇ يىغلايلا دەپ قالغانىدى.
شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇ سىنىپقا كىرىشكە جۈرئەت قىلال-
مىدى.
ئۇنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىكىنتاڭ؟ ئۇ بۇنى ئويلاشقىمۇ
پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ ھېس قىلدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ
بولغىلى بولمايدىغان بىر ئورۇندا تۇرۇپ قالغان. يەنە تېخى
ئىشخانىدا نېمە گەپلەر بولۇندى؟ بۇنىڭدىن ئۇ تىت - تىت
بولاتتى. ھامىنى يەنە ئۇنى چاقىرىپ ئۇ گەپلەرنى دەيدۇ.
يەنە ئۇنىڭغا ئايان، مۇئەللىملەردە خېلى كۈچلۈك پاكىت
بولمىسا ئۇنى ئاسانلىقچە چاقىرىشمايتتى. ئەمما ئۇنى ئايد-
دى. يەنە بەزى گۇمانلىق گەپلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا بولسا
ئويلىنىپ بېقىشنى ئېيتتى... ئىلھامنىڭ مۇرەككەپلىشىپ
كەتكەن بۇ تەرەپلەرنى ئويلاشقا ئەقلى يەتمەيتتى.
ئۇ دەز كەتكەن سىنىپ تېمىغا تىرەك قىلىپ قويۇلغان

لىمغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئىس - تۈتەكسىز، ئاددىي سەھرا مەنزىرىسى. ئەينىكى چېقىلىپ، مۇداپىئە تورلىرىمۇ يىرتىلىپ كەتكەن دېرىزە كۆزنىكىدىن تولىمۇ ئاددىي كىيىمـ-لەرگە ئورالغان ئوقۇغۇچىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ كۆزنەككە ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچ بالىسى قو-نۇۋالغان... ئىلهام خۇددى هازىرلا ئۇلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت خوشلىشىدىغاندەك تويماي قاراپ كەتتى. ئۇ ئاخىر ئېغىر تىندى. سىنىپقا كىرمەي ئامال يوق. ساۋاقداشلىرى بۇلار-دىن تېخى خەۋەرسىز. «پۇلنى مەن ئالمىغان تۇرسام نېمە-دىن ئەنسىرەيمەن» ئۇ غەيرەت بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. غەي-رىي نەزەرلەر يوق. ئۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بو-لۇپ، پارتىسىغا بېرىپ ئولتۇردى. شۇندىلا ئۇ پارتىدىشى ئەلىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

— نېمە ئىشكەن، ئاداش؟ — سورىدى ئەنسىزلەن-گەندەك.

— هېچ ئىش يوق، — بېشىنى چايقىدى ئىلهام.

— دېگىنە...

— راست...

— بىر ئىش بولمىسا چاقىرامدۇ؟ — ئەلى خۇددى ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغاندەك ياكى بىر نەرسىنى بىلىپ قالغان-دەك سوراۋەردى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئولتۇرالماي قالغاندى.

— ماتېماتىكا نومۇرلىرىنى جەدۋەلگە يازدىم، — دېدى ئىلهام ئاخىر بولماي. لېكىن شۇ هامان بىر مۇنچە خىياللار-نى قىلىۋەتتى. «بىلىپ قاپتىمۇ نېمە بۇ. ياق، نەدىن ئۇقى-دۇ، نېمىگە چىققىنىمنى بىلگۈسى كەلگەندۇ، ئادەتتە بىرە-رىنى مۇئەللىم چاقىرسا نېمە ئىشلىقىغا ھەممىمىز قىزىقى-مىزغۇ؟» لېكىن، ئۇنىڭ دېمى سىقىلاتتى...

ئۇھ، چۈشتىن بۇرۇن تىنچ ئۆتۈپ كەتتى.

بىراق، چۈشتىن كېيىن قورقىقان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

چۈشىنىشكە بولىدۇكى، مۇئەللىملەردىن بىرى بۇنى تىلى ئاستىغا يوشۇرالماي ئاشكارا قىلىۋەتكەن گەپ. مۇنداق گەپلەرنىڭ ھەم تېز ھەم يوق ئىشلارمۇ قوشۇلۇپ تارقىلىپ كېتىدىغىنى ئېنىق. يامىنى، مۇنداق ئىشلار كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان بۇ سەھرا زېمىنىدا بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىلمىشى كىشىلەرنى تولىمۇ چۆچۈتتى ھەم قىزىقتۇردى.

ئىلھام مەكتەپ دەرۋازىسىدىن قەدەم ئېلىشىغىلا، خۇددى سەھنىدە ئويۇن قويۇۋاتقاندەك، مەيداندىكىلەر ئۇنىڭغا تەڭلا يات نەزەر بىلەن قاراشتى. بۇ تەكشى ھەرىكەت ئۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئەسلىدىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچى بولغاچقا نېمە ئىشلىقىنى دەرھال چۈشەندى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ كۆزىنى يەردىن ئۇزمەي ماڭدى. ئەنە، پاراللېل سىنىپتىكى مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئۇ ئادەتتە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلماي ئۆتمەيتتى. ئەمدى جىم. بەلكىم ئالايغاندۇ، ئىلھام ئۇنىڭغا قارىيالمىدى. بىر خىل خۇدۇكسىرەش بىردىنلا ئۇنى پۈتۈن مەكتەپ بىلەن ياتلاشتۇرۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ گۆدەك قەلب يۈرەتتىكى ئەڭ ئېغىر سانىلىدىغان يامان ئىشقا نىسبەتەن قوزغالغان نەپرەتنىڭ زەربىسىگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ بالا دېگەن يەنىلا بالىدە. خۇشاللىق بولسۇن، كۆڭۈلسىزلىك بولسۇن ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ.

ئىلھام بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

ئۇ ئىشلارنى مۇنچىلىك بولۇپ كېتەر، دەپ پەقەت خى-

يالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. تېخى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۆزد-
نى ئاران خاتىرجەم قىلىپ بۇ ئىشتا چوقۇم مۇئەللىملەرگە
ياردەملىشىمەن، دەپ ئويلىغۇيدى. ھەي...

ئۇ سىنىپقا كىرىپ، كۆڭلى تېخىمۇ سوۋۇپ كەتتى. نېمىگىدۇر چۇۋۇرلىشىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆ-رۇپلا جىمىپ قېلىشتى. ھەرخىل كۆزلەردە ھەرخىل ئىپادى-لەر. ئىلھام غەيرەتكە كېلىپ ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى. گۆدەكلەرچە ھاياجانلىنىش باللارنى سۇكۇتكە پاتۇرغانىدى. ئۇلار خۇددى ئىلھامدىن بىر نېمە كۈتۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېلىشقانىدى.

سىنىپ باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوچۇق - يو-رۇق، قورقۇمسىز بۇ بالىنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ئىپادىلە-نىپ تۇراتتى:

— ئاداش...

سىنىپ باشلىقى مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىلھام ھەممىنى چۈشەندى. بىراق قاند-داق چۈشەندۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. ھالبۇكى ئۇ ئۆزىنى ئەمدى رەسمىي ئاقلىشى كېرەك. بۇ يەردىلا ئەمەس، بەلكى ئىلھامدىن ئۆزلىرىنىڭ تەھلىلىگە لايىق جاۋاب كۈتۈشۈۋاتقان مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ ئاقلىشى كېرەك، بولمىسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەھۋال ئىگىلەنگەن ئو-قۇغۇچى يېرىم كۈن ئىچىدىلا «ئوغرى»غا ئايلىنىپ قالغان. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، پۇلنى ئالغان كىشى چوقۇم ئىلھام، ئىلھامغا بولسا ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچى يوق. ئۆزد-نى ئاقلاپ چىققۇدەك سەمىمىيىتىدىن باشقا پاكىتمۇ يوق. مۇئەللىملەرمۇ بۇنى ھېس قىلىشتى. ئەمما ئەھۋال ئوچۇق.

بۇ يەردە بىر سىر بارمۇ قانداق؟ چۈشىنىكسىز ئىشلار ئادەم-نى مۇشۇنداق پاراكەندە قىلىدۇ. ھەممە ئاشكارىلانغاندا بول-سا، ئۇ سىرلىق ئىش بەكمۇ ئاددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئىشقا كەلسەك، بەلكىم ئىلھام پۇلنى ئالغاندۇ؟ «پۇلنى ئالمىدى» دېگەننىڭ دەلىلى: «ئىلھام ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن تۈيغۇدىن ئىبارەت. بىراق شۇ ئايانكى، مۇنداق ئىش-لاردا تۈيغۇ ئادەمنى ئاسانلا ئالداپ قويىدۇ. جاھاندا شۇنداق ياخشى ئادەملەر خاتالاشمىغانمۇ؟

بىر قىز ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ، ئۆگىنىش باشلىقى، سىز...

گەپ چۈشىنىشلىك، ئەزەلدىن مەكتەپ بويىچە تەرىپلىن-نىپ كېلىۋاتقان بۇ سىنىپنىڭ نامى ئەمدى...

— ساۋاقداشلار...، — ئىلھام گەپ تاپالمىغىلى تۇردى، چۈشىنىكسىزلىك ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش قانداق قىيىن - ھە! — مەن قىلمىدىم... راستىنىلا...

— ئۇنداقتا، — دېدى ئاچچىقى يامان بىرى، — مۇنچىلىك گەپلەر نەدىن كېلىدۇ؟

ئىلھام ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، بىراق سۆزلىيەلمىدى.

— قىلىپ قويغان ئىشنى ۋاقتىدا ئىقرار قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ، — دېدى بىر قىز ساۋاقداش ھېسداشلىقى كۆچلۈك ئىپادىلىنىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا.

شۇ چاغدا قاپىقى سېلىنىپ كەتكەن ئوسمان مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى:

— ئۇ گەپلەر ئاساسسىز، كىمكى نېرى - بېرى سۆز-لەپ بىر ئىش چىقسا ئۆزى مەسئۇل...

مۇئەللىم ئارتۇق سۆزلىمەي، يەنە شۇ ئەلپازدا چىقىپ كەتتى. ئەلەم بولغان ساۋاقداشلار بىردىنلا ئىلھامغا قاراپ قاپاقلىرىنى تۈرۈشتى. ئىلھام بۇنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ھەتتا يېنىدىكى ئەلىگىمۇ قارىيالمىدى. ئەلى بولسا ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى قىستۇرما رەسىمگە قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ تا مۇشۇ چاغقىچە ئىلھامغا بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى، باشقىچە نەزەردىمۇ قارىمىدى.

— ھەمـمە ياخشى ئىشـمىز بىـر تـىـيىن بولـدى ئەمدى، — دېدى بىرەيلەن غەزەپ بىلەن. تەنتەربىيە باشلىقى توپنى دوسكىغا كۇچەپ ئۇرۇپ، قاڭقىپ كەلگەندە قوپاللىق بىلەن تۇتۇۋالدى:

— بىر تال چىۋىن بىر قازان ئاشنى يوق قىلىدۇ.

بۇ ئالدىنقى ھەپتە مۇئەللىم ئوقۇپ بەرگەن چۆچەكتىكى گەپ ئىدى. ئۇ شۇنى دەۋالغىنىغا مەغرۇرلانماقچى بولۇۋۇدى. سىنىپ باشلىقى غەزەپ بىلەن ئېيتتى:

— قالايمىقان سۆزلىمە!

تەنتەربىيە باشلىقى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى:

— يۈرۈڭلار، ۋاسكېتبول ئوينايمىز!

بالىلار «ئەمدى كۆرگۈلۈكنى كۆرسۇن» دېيىشىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئەلى نېمىشقىدۇر بايىلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئىلھام ئۇنىڭ ئورۇندۇقتىكى كىتابىنى سومكىسىغا سېلىپ قويۇپ، قەتئىي قەدەم بىلەن ئىشخانىغا ماڭدى. ئۇ پەقەت تاقەت قىلالماي قالغانىدى.

... ئۇ ئىشخانىدىن سالپايغىنىچە قايتىپ چىقتى. مۇئەللىملەرگە چۈشەندۈرەلىدىمۇ؟ ئۇ باشتىن - ئاخىر «مەن

پۇلنى ئالمىدىم» دەپلا ئېيتالىدى. ئەمما مۇئەللىملەرنىڭ تەھلىلىنى ئاڭلىغىنىدا بولسا، راستىنىلا ئۆزىنى شۇنداق قىلغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. «راستتەكلا ـ ھە!» دەۋەت-تى ئىلھام ئىچىدە. بىراق ئۇ قايىل بولمىدى. مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا ھارماي چۈشەندۈردى. ئۇمۇ قايىل بولمىدى. سۆھ-بەتتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن:
— ئىلھام، ھەممىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ياخشىراق ئويلى-نىپ باق، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم بىر نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.
— ئىلھام ئۆزىنى بىلمىسە ئاقىۋەتى ياخشى بول-مايدۇ، — دېدى غۇپۇر مۇئەللىم ئىلاجىسىز مۇشۇنداق دەۋات-قاندەك تەلەپپۇزدا. بۇنى تەستىقلىغۇچىلارمۇ بولدى.
— ئوسمانكا، مەندىمۇ سىز دېگەندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى، — دېدى بەكرى مۇئەللىم، — لېكىن ئۇ ھېسداشلىق-تىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ئوسمان مۇئەللىم ئېغىر تىنىپ قويدى.
ئىلھام ئۆيىگە قايتمىدى. باشقىلارغا كۆرۈنگىسىمۇ كەلمىدى. ئۇ ئۇزۇملۇكتىكى يول بىلەن ئۇدۇل مېڭىپ، مەھەللە سىرتىدىكى بەش يۈز مېتىردەك كۆك شېغىللىق سايدىمۇ توختىماي ئۇدۇل تاغ باغرىغا چىقتى. ئۇ شۇ يەردە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ئۆزلىرى كېلىپ ئوينايدىغان كى-چىكرەك بىر چوققىغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن يۇرت-نىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. پاھ، پۈتۈنلەي يېشىل-لىق! يېشىللىقنىڭ كۆپىنچىسى ئۈزۈم تاللىرى بولۇپ، چەكسىز كەتكەن ئۈزۈملۈك ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان چوڭ ئۆستەڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. تاغ قاپتى-

لى يەنىلا تاغنىڭ قىزىق تەپتىدە بولـغىنى بىـلەن بۇ يـەردە غۇر ـ غۇر شامال چىقىۋاتاتتى. لېكىن، بۇ ئىلھامغا ھۇزۇر بېغىشلىيالمىدى. ساۋاقداشلىرى ئىشەنمىسە، ئۇستازلىرىغا چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىسە... ھە راست، ئاتا ـ ئانىسىچۇ؟ بەلكى بۇ گەپلەر ھازىرغىچە ئۇلارنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ بولغاندۇ. ئۇلار قانداق ئويلىغاندۇ؟

ئىلھامغا نېمە دە؟ ئىلھامغا ئىشىنەرمۇ ياكى...

ئىلھام ئەلەم بىلەن يۇرتىغا نەزەر تاشلىدى. بايا ئۇ سول تەرەپكە قارىمىغانىكەن. مانا كىچىككىنە سۇ ئامبىرى ۋە ئەتراپىدىكى كىچىكرەك ئوتلاق. ھەي، چۈش ۋاقتى بولغان بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ راسا بىر چۆمۈلۈۋالسا...

## 5. ئوغلۇم، نېمە قىلغىنىڭ

كەچكە يېقىن ئۆيلەردىن سۇس نۇرلار گۇگۇم قوينىغا يېيىلىپ سەھرانى خىرە يورۇتۇپ يەنە بىر تۈرلۈك مەنزىرە ھاسىل قىلدى. بۇمۇ شەھەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما. شەھەردە كېچە ـ كۈندۈز ئوخشاشلا. لېكىن، سەھرادا مانا مۇشۇنداق، بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدىكى ئاجىز توكتا لامـ پۇچكىلار سۇس نۇر چېچىپ كىشىلەر كۆڭلىگە ئەمىنلىك بېرىدۇ. نورمال توكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار بۇ يەرگە كېلىدىغان بولسا... ئەقەللىيسى تۈزۈك كىتابمۇ كۆرگىلى بولمىغان... بۇ يېزا جىن چىراغدىن قۇتۇلغىلى، ھەتتا رەڭـ سىز بولسىمۇ تېلېۋىزورلاشقىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، توكتىن بىرەر رەت ھەقىقىي رازى بولغىنى يوق. شۇنداقتىـ مۇ ئۇلار بىرخىل قىزىقىش تۈرتكىسىدە ھەر خىل توك

كۆچەيتكۆچلەرنى تېپىشىپ تېلېۋىزورلارنى تاكى خەنزۇچە قانالدىكى نومۇرلار تۈگىگىچە كۆرۈشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۈن-دۈزدىكى ھارغىنلىقلار يوقاپ كېتىدۇ. تېخى يۇرتىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كىنوخانىدىن يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئېلېكتى-رونلۇق رويالدا ئورۇندالغان كوچا ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرى-دۇ. كىشىلەر توپىغىلا چۈكۈشۈپ كەڭ - كۇشادە كىنو كۆرۈشىدۇ. ھارغىنلىق يەتكەنلىرى جايىدىلا ئۇخلاپ كىنونى تۈگىتىشىدۇ. شۇنىڭغا باقماي كىنولار خېلى كۆپ قويۇلۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈن ئاخشامۇ يېڭى ئىشلەنگەن كومېدىيىلىك فىلىم — «مۇھەممەد ھەققىدە پاراڭ» قويۇلماقچى. ئىلھام ئەسلىي مەھەللىدىكى باللار بىلەن كىنو كۆرمەكچىدى. ئەمدى رايى يېنىپلا كەتتى. مۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە كۆرگەن كىنونىڭ نېمە ھۇزۇرى بولسۇن.

ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن دەككە - دۈككىدە ئۆيىگە ماڭدى. ئاتىسى باراڭ ئاستىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. تاماكا! ئاتىسى تاماكا تاشلاشقا تىرىشقىلى ئىككى يىل بولغا-نىدى... نېمە بولغىنى ئايان.

ئوغلىنى كۆرگەن ئابلا ئاكا نەچچە كەتمەننى ئۆپرىتىپ تۈگەتكەن كۈچلۈك قولى بىلەن تاماكىسىنى يىمىرىپ تاشلى-دى. ئۇ گۇناھكارلارچە تۇرغان ئوغلىغا قايتا قارىغاندا يۈرى-كى ئېچىشىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ كۆزلىرى يەنىلا شۇنداق سەمىمىي، شۇنداق ئىزگۇ نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. كۈچلۈك ئاتىلىق مېھرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلىپ يېتەلەي-دۇ. مۇشۇنداق بىر ئوبدان بالا قانداقمۇ ئۇ ئىشنى قىلسۇن!

ئابلا ئاكا ئۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سۈ-رۈشتۈرۈپ بولغۇچە، ئۇنى مەكتەپتىن چاقىرتىپ قالدى.

ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغان ئابلا ئاكا چۆچۈپ كەتتى. ئوغلى راستتىنلا ئوغرىلىق قىلغاندىمۇ؟ ئابلا ئاكىدىنىڭ ئاتىلىق كۆڭلى بۇنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمىدى. ئوغلى ئۇ ئىشنى زىنھار قىلمايدۇ. بۇ يەردە چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بار.

— مېنىڭچە، ئوغلۇم ھەرگىز ئۇ ئىشنى قىلمايدۇ.

— شۇنىڭغا ئىشىنەملا؟

— شۇنداق، مەن ئوغلۇمنى ھېچقاچان پۇل - پۇچەكتىن قىسىپ قويغىنىم يوق.

— بۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. بايا ھەممە گەپنى ئاڭلىدىلا.

— توغرا، ئوغلۇم ئىشخانىغا كىرىپتۇ. لېكىنزە، پۇلنى ئالدى دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ مەسىلەن، ھازىر ئىشخانىدا ھېچكىم يوق بولۇپ، تام سائەتنىڭلار يوقاپ كەتسە، ئەجەبا مەن بۇ يەرگە كىرگىنىم ئۈچۈنلا مەن ئالغان بولىمەنمۇ؟

— مەسىلىنى مۇنداق چۈشەندۈرسىلە، ھېچنېمىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

— نېمىلا بولمىسۇن، ئوغلۇم ئۇ ئىشنى قىلمىغان.

— بىزمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن رېئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغۇ.

— دېمەك، سىلەرچە ئوغلۇم ئوغرىكەندە؟

— ...

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ئوغلۇمغا قارا چاپلايسىلەر؟

— ئۇنداق دېسىلە بولمايدۇ. ھەممە ئىش ئېنىق تۇرمامدۇ.

— نېمە ئېنىقكەن. بۇ گېپىڭلار مېنى قايىل قىلالمايدۇ.

— نېمە دېسىلە مەيلى، بىزنىڭ ئىسپاتلاپ چىققان نەرسىلىرىمىزگە قىل سىغمايدۇ. گەپ شۇ، پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ، ئىشنى ياخشىلىقچە ئاخىرلاشتۇرغىنىمىز تۈزۈك. بولمىسا ئاقىۋىتى ياخشى بولماي قالىدۇ.

— بۇ ئاقىلانە چارىمۇ؟

— هازىرچە شۇنداق.

— بىزدە «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش» دېگەن گەپ بار. سىلەر شۇنىڭغا مەجبۇرلاۋاتىسىلەر.

— بۇ ئىش قانچە سوزۇلسا نەتىجىسى شۇنچە يامان بولىدۇ. ئۆزلە قايىل بولمىسىلا، بىز ساقچى ئارقىلىق هەل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. لېكىن بۇنى بىزمۇ خالىمايمىز، سىلى تېخىمۇ شۇنداققۇ.

— هىم...

ئابلا ئاكا جىددىيچىلىكتە سىرتقا چىقىپ ئانچە ماڭماستىن ئوسمان مۇئەللىم يېتىپ كەلدى:

— سىلىمۇ خەۋەردار، ئىلهام ياخشى ئوقۇغان. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم چىدىمايۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىلهامغا ياخشىراق خىزمەت ئىشلەپ باقسىلا. بۇ ئىش بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

...

ئابلا ئاكا باياتىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تېخىچە شۇ گەپلەر ئۈستىدە خىيالغا پاتقانىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئوغلۇم بىلەن ئوبدانراق پاراڭلىشىپ باقاي. خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن، ئوغلۇم ماڭغۇ يالغان

ئېيتماس.

— ۋاي ئوغلۇم، شۇ چاغقىچە نەدە يۈردۈڭ، — ئۆيدىن چىققان ئىبادەت ھەدە ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، — قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟ ۋۇي، يىغلاپسەنغۇ، كىم بوزەك قىلدى؟

ئابلا ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ چەكچەيدى. يولدىشىنىڭ چۇس مىجەزىنى بىلىدىغان ئىبادەت ھەدە ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ قويۇپ يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، نېمە قىلغىنىڭ ـ ھە!

ئىلھام ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋېلىپ ئاتىسىغا ياخشى چۈشەندۈرۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن چوڭقۇر ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھىدىنى سېزىپ يەنە يىغلىۋەتتى:

— ئاتا... مەن ئەمەس...

ئابلا ئاكا ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— بىلىمەن ئوغلۇم، لېكىنزە، مۇئەللىملىرىڭ...

— مەن قىلمىدىم...

ئىلھام بېشىنى ئاتىسىنىڭ قويىنىغا تىقىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئاتىنىڭ ئىچى سىيرىلدى. بىراق بۇ ئاتىلىق مېھرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ئىش ئەمەس.

— ئوغلۇم، راستىنى دېگىنە، سەن...

— راست ئاتا... مەن ئالمىدىم... مەن ئەمەس...

— ئوغلۇم، مەن سېنى ھېچنېمە دېمەيمەن.

ئىلھام بېشىنى چايقاپ يىغلايتتى، يەنە سۆزلەۋېرىشكە ئاتىنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. ئوغۇل ئۇچۇن ئاتا ياكى ئاتا ئۈچۈن ئوغۇل جاۋابكار بولمىسىمۇ، بىراق مېھىر ـ مۇھەب-

بەت مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. بۇ شۇنداق ھېسسىيات، ئۇ مەيلى ئالىيجانابلىق، مەيلى رەزىللىك بولسۇن، ھەقىقىي يىلتىزى-دىن ئېيتقاندا، سۇسلاشماي، ئەبەدىي كۈچىيىپ بارىدۇ.

— ئوغلۇم، مەن سېنى بىلىمەن، — ئاتا ئوغلىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئاھ، دۇنيادا بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ مۇقەددەس ماكان بارمىدۇ؟ بالا دۇنيانىڭ نېمىلىكىنى، نې-مىنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك ئىكەنلىكىنى، راھەتنى، مېھنەت-نى مانا مۇشۇ ئىللىق قۇچاقتىلا ھەقىقىي ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ...

ئىلھام يىغلاۋېرىپ ھارغىنلىق يەتتىمۇ، ئاستا ئەللەيلى-نىشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا خاتىرجەملىككە قايتىپ ئاتىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

يۇلتۇزلار كۆكتە جىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇلار چوقۇم ئىلھامنىڭ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالغىنىغا ھەيران. ئاتا ئەسلى-دى: ئىلھام، يۇلتۇز نېمىشقا كىچىك؟ ئاي يېرىم ۋە يۇمىلاق، ئۇلاردا نېمە سىر بار؟ دەپ سوراپ ھارمايتتى. مانا ئەمدى بالىنىڭ كۆڭلى ئۇلۇشكە باشلىغان. ئەڭ دەھشەت-لىك نەرسە مۇشۇ. چوڭ ئادەمنىڭ غۇرۇرى قانچە كۈچلۈك بولسا، سەبىيلەرنىڭ غۇرۇرى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە نازۇك.

ئاتا ئازابلىناتتى، بىر يېڭى جاراھەت پەيدا بولۇپ، قەقىچى سويۇلغاندەك تېنى جۇغۇلدايتتى.

## 6. خوش مەكتەپ

مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوسمان، غۇپۇر، بەكرى مۇئەل-لىملەر ھەممىسى پەرىشان. ئابلا ئاكا ئۇلارغا مىختەك قادال-

غان، ياشىنىپ قالغان، لېكىن ئەينى چاغدا ھەربىي قىسىمدا تۇرغاندىكىدەك جەسۇرلۇقىنى يوقاتمىغان مۇدىر ئابلا ئاكىغا كەسكىن قىلىپ ئېيتتى:

— بىزنىمۇ تەشۋىشتە قويماڭ. ئىش يامان يەردىن چىقمىسۇن، شۇ تاپتا بۇ ئىشنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي ياخشى ئەمەس. ئۆزۈڭىزگىمۇ ئايان، بۇ كىچىككىنە يۇرتتا مۇنداق چوڭ ئىش چىقمىغىلى قاچان. ھەممىنىڭ كۆزى بۇياققا تىكىلگەن. ھېلىمۇ ساقچىغا مەلۇم قىلمىدۇق. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى. شۇنداق، بىزمۇ تەشۋىشتە… ئىلھام زادى ئىقرار قىلمىغۇدەكمۇ؟

ئابلا ئاكىمۇ كەسكىن ئېيتتى:

— ئوغلۇم گۇناھسىز، ئۇ ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس.

— لېكىن، بۇنىڭغا بىزنىڭ پىكرىمىز بىردەك. بىز ئەمەلىي ئەھۋاللاردىن پۈلنى ئىلھامنىڭ ئالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدۇق. ئەمدى تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا پۇرسەت يوق. سىز يا ئاخىرقى گېپىڭىزنى ئېيتىڭ، بولمىسا بىز چارىمىزنى قوللىنىمىز.

ئابلا ئاكا چۆچۈگەندەك بولدى:

— نېمە، چارە؟!

قارىغاندا ئۇلار بۇ ئىشنى سوزۇپ ئولتۇرۇشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مەسلىھەتلىشىپ بولغان چېغى، مۇدىرنىڭ سۆزلىرىدە قىلچە ئىككىلىنىش بولمىدى:

— بىرى، پۈلنى قايتۇرۇۋېلىپ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىمىز. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئىناۋىتى ۋە كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتتۇق…

ئابلا ئاكا ئىستىهزا ئارىلاش كۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئوخشاشلا گەپقۇ، پۇلنى تۆلىدۇق دېگەن گەپ، پۇلنى ئىلهام ئالدى دېگەنلىكقۇ، لېكىن ئوغلۇم ئۇنداق ئىش-نى ئىللا - بىللا قىلغىنى يوق.

— ياق، پەرق بار. بىز بۇنىڭدا ئىلهامنىڭ ئۇ ئىشنى ئارخىپقا يازمايمىز. ئەمما بۇ، «پۇلنى ئالغان ئىلهام ئە-مەس» دېگىنىمىز ئەمەس.

— ئۇنداقتا خەق يېگەن مانتىغا بىز پۇل تۆلەيدى-كەنمىز - دە.

مۇدىر ئېغىر تىنىپ قاپىقىنى تۈردى:

— قارىغاندا بىز كېلىشەلمەيدىغان ئوخشايمىز.

ئابلا ئاكىنىڭ كۆزىگە ئوغلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى:

— مەن ناهەقچىلىككە هەرگىز يول قويالمايمەن. هازىر ئۇۋالچىلىق تارتىدىغان زامان ئەمەس.

مۇدىر ئىشخانىدىكىلەرگە قارىدى. هەممىسى ئامالسىز-لىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

مۇدىر باشقا سۆزگە ئورۇن قالمىغانلىقىنى سەزگەندەك ئاخىرقى سۆزلەرنى قىلدى:

— بۇ ئىش هازىر هەممىنىڭ ئاغزىدا. پەيدا قىلغان تەسىرى ئەلۋەتتە ياخشى بولمىدى. ياخشى بىر تەرەپ قىلمى-ساق بىزنىڭ نۇرغۇن خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئامالسىز بۇنى مەكتەپتە جانلىق دەرس قىلماقچىمىز. هازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەخلاق - تەربىيە ئوقۇتۇشى يېتەرلىك بولماي نۇرغۇن مەسى-لىلەر چىقتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يولدىن چىقىشى كۆپىيىپ

كەتتى. مانا بۇ ئىشمۇ ئۆنىڭ مىسالى. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. ئەگەر بىز بۇ ئىشنى شۇنداقلا بولدى قىلىۋەتسەك ئوقۇغۇچىلارغا قانداق تەسىر بېرەر؟ بۇ ئوقۇغۇچىلارغا قانداق خاراكتېردىكى تەربىيە دەر-سى بولىدۇ؟ بىز بۇنى ئەتراپلىق ئويلاشتۇق. سىلەرگە پۈر-سەتمۇ بەردۇق. لېكىن كۆتكەن يەردىن...

— كۆتكەن يەردىن؟!

— شۇنداق، — مۇدىر كەسكىنلەشتى، — بىز خاتالىقنى تونۇسا، يەنىلا ئىلهامنى ئۈلگە قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار خاتالىقنى مانا ئىلهامدەك ئاكتىپلىق بىلەن تونۇشى كې-رەك، دەپ تەشۋىق قىلاتتۇق. ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ياخشى تەر-بىيە بولاتتى.

— ئىلهام ئۇ ئىشنى مەڭگۇ قىلمايدۇ. ئوغلۇم ماڭا ئاق.

— بولدى بەس! بىز خاتالىقى مۇنداق ئوچۇق تۇرۇپ بوينىغا ئالمايدىغان ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتالمايمىز. ھېلىمۇ بۇ ئىش بىلەن مەكتەپنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، يېزا بويىچە ھەممەيلەن ئۈمىد كۆتۈۋاتقان ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئىناۋد-تىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق تەنقىدلەرنى ئاڭلايمىز؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن. ھەممە ئىشىمىز يوققا چىقىدۇ. قاچان بۇ نامدىن خالاس بولىمىز، بۇنىڭ ئۆزى بىر گەپ. ھازىر مۇنداق ئىش تېپىلماي تۇرغاندا... ئوسمان مۇئەللىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇ-چى قىلىپ بېكىتىلىپ يۇقىرىغا يوللانماقچىدى. ئەمدى بۇ ئىش سەۋەبى بىلەن قالدۇرۇلدى. بولدى، بۇلارنى دەپ نېمە قىلىمىز، يەنە نېمىلەردىن قۇرۇق قالىمىز...

ئابلا ئاكا ئارانلا:

— ئوقۇتالمايمىز؟— دېگەن گەپنىلا قىلالىدى.

— شۇنداق، ئارتۇق گەپنى قوياي، دېيەلىدىغان گەپ بەربىر دېيەلىدۇ. ئىلھام مەكتەپتىن چىكىندۇرۇلدى!

ئابلا ئاكىنىڭ يۈرىكى تىترىدى. راستتىنى ئېيتقاندا ھەممىسىلەنىڭ، ھەتتا مۇدىرنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كەتتى.

— بىرمۇ بالا مەكتەپتىن قالسا بولمايدۇ، دەپ پالاقلاپ يۈرۈپ، ئەمدى ئوغلۇمنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتسەڭلار يۇقىرىغا قانداق جاۋاب قىلىسىلەر؟

— بۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز بار، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى تەمكىنلىك بىلەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئابلا ئاكىنىڭ چۈش مىجەزى قوزغىلىپ جۇدۇنى تۇتتى:

— ئەگەر مۇشۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا، بولدى، ئوقۇتمىسام، ئوقۇتمىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم ئاچ قالماس، بىزمۇ خەت تونۇغۇدەك ساۋاتىمىز بىلەنمۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتىمىز. ئوغلۇمغا بەش يىل بىلىم بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. خوش...

ئابلا ئاكا ئورنىدىن تۇردى. ھەممەيلەن قىمىرلاپ كەتتى. شۇ تاپتا نېمە دېيىش مۇمكىن؟ مۇئەللىملەر ئاتىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ چۈشىنىش ئىنسانىي پەزىلەتتىنلا ئىبارەت. ھالىبۇكى، تۈزۈم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

— مۇشۇمۇ مەكتەپمىش، ئىسىت...

ئابلا ئاكىنىڭ ئىشكتىن چىقىۋېتىپ قىلغان بۇ سۆزى

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇۋەتتى. كىم ھاقارەتنى كۆتۈرە-لەيدۇ؟ غۇرۇرسىزلا. مۇئەللىملەر بۇنىڭغا بىر - بىرىگە ئەلەملىك تىكىلىشىپلا سۈكۈت قىلىشتى. ئوقۇتقۇچى ئۇچۇن ئوقۇغۇچى، ئوقـۇغۇچـى ئۇچـۇن ئوقـۇتقۇچى كېرەك. بىراق...

## 7. مەكتىپىم، خوشلاشقۇم يوق ئىدى

مەكتەپ دەرۋازىسىدا قالغان بەش يىلدىن بۇيانقىدەك ئوخشاشلا ئىز، بىراق ئوخشاشمىغان يۈرەك!

ئىلھام ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان دەرۋازا بۇزىسىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بۇلتۇرمىكىن، كۆمۈر ئەكەلگەن ماشىنىنىڭ كوزۇپى غەرب تەرەپتىكى بۇزىنى ئۆرۈۋېتىپ شۇ يەردە ئويناۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنى بېسىۋېلىپ... ھازىرمۇ ئىلھام سۈپەتسىز خىش، سېمونتتىن ياسالغان بۇ بۇزىنىڭ ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش-لارنى مەڭگۈ بىلمەي قېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

لېكىن...

ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن مەكتەپ قورۇسىدىكى دەرەخلەرگە، سىنىپلارغا، كونىراپ كەتكەن گارلارغا قىيال-ماسلىق نەزىرىدە قارىدى. ئەمدى ئۇ گارغا توپ تاشلاپ شادلىنالامدۇ؟ سەھەر كېلىپ سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئاچال-امدۇ؟ ئەمدى ھەممىسى يات نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتەم-دۇ؟ بۇ يەردىكى كۆڭۈللۈك ھايات، جانلىق - جانسىز نەر-سىلەر ئارىسىدىكى مېھىر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟

ئۇ مەكتەپ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى. سەھنە... ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات ئېلىش

ئەمدى زادىلا مۇمكىن ئەمەسمىدۇ؟ ئەمدى ئۇ ئوقۇغۇچى ئاتالمامدۇ؟ ئىلھام زادىلا ئۆزىنى باسالماي قالدى. مەيداندا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تەنتەربىيە دەرسىنىڭ ۋاقتىنى توشقۇزۇۋاتقان 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا «مۇئەل-لىمى تەنقىدلەپتۇ» دېگەندەك قارىشىپ قويىدۇ. ياق، ئۇكى-لار، مۇئەللىم قانچىلىك تەنقىدلىسە مەيلى ئىدىغۇ...

— مەكتىپىم، كەتكۈم يوق ئىدى، ئايرىلغۇم يوق...

تىنىمسىز سىرغىۋاتقان ياش ئۇنىڭ جاۋغىيىغا سىڭىپ، قۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان لېۋىنى نەمدىدى.

«ئوغرى!»

ئىلھامنىڭ تېنى مۇزلىدى. قارشىلىق تۇيغۇسى قوزغىدى. نېمىشقا ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ - ھە! نې-مىشقا... نېمىشقا... شۇ ھامان توغان سېلىنغاندەك ئۇنىڭ يېشى توختىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى. كېتىش كېرەك...

شۇ چاغدا بىر نەچچەيلەن مەكتەپ ئىچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

— ساۋاقداشلىرىم...

ئىلھام ئىللىق سېزىم ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭدىكى بايىقى ياتلىشىپ كەتكەن تۇيغۇلار بىردىنلا مەكتەپكە، ئۇستازلىرى-غا، ساۋاقداشلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەتكە ئايلاندى. ئەنە، ئالدىدا كېلىۋاتقىنى سىنىپ باشلىقى. ئىلھام تەشنالىق بىلەن ئۇلارغا تىكىلدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە پەرىشانلىق، ئىلھام ئۇلارغا نېمە-نىدۇر ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالماقچى بولغاندەك تىكىلەتتى، سا-ۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە سوغۇقلۇق يوق، بارى قىيالماس-

لىق، تارتىشىش، ئەمما ئۇلار...

— ئاداش، بىزنى كەچۈر...، — سىنىپ باشلىقى سۆزلىيەلمىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزىدە ياش. ئىلھام ئۇلار-نىڭ قەلبىنى چۈشەندى. شۇ تاپتىكى يۈرەك سىرلىرىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ سۆزلىشى ھاجەتسىز. ئىلھام ئەمدى تۇرۇۋېرىشكە چىداپ تۇرالمىدى.

ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. ساۋاقداشلىرى بىر چامداپ قالدى.

ئىلھام مېڭىپ كەتتى.

## 8. ئاتا، مەن ئىدىم

تولا غەشلىكتىن ئوسمان مۇئەللىمنىڭ تاماققا زادىلا كۆڭلى بارمىدى. گۆشمۇ، سەيمۇ، چۆپمۇ تىكەندەك ئايلانغان-دەك گېلىغا سانجىيتتى. ئىلھام ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇ-چى ئىدى. ئىلھامنىڭ ئىلتىجاغا تولغان سەبىي كۆزلىرى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر دەممۇ نېرى بولمىدى. ئىلھام ئىشخانى-دىن سولغۇن چىقىپ كېتىۋاتقاندا مۇئەللىملەر ئىختىيارسىز بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قەلبىگە دەز كەتكەندەك بولدى، مېھرىلىك ماكاندىن بىر ئورۇن بوش قالدى.

ئوسمان مۇئەللىم ئۆيىگە كېلىپمۇ شۇ ھېسسىياتىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۆيىدىكى بىرەرىگىمۇ چىراي ئاچالمىدى. زۇ-ۋانمۇ سورىمىدى. تاماق شۇ پېتى قالدى. ئورۇندۇق ئەتراپىغا تاماكا قالدۇقى تاشلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالى چىگىش-لىشىپ، نۇرغۇن نەرسىلەر بىراقلا باستۇرۇپ كېلىپ، ئىش-

لارنى باشقىدىن ئويلاپ باقاي، دەپ شۇنچە تىرىشقىنى بىكار بولدى.

هويلىغا بېشى چۇشۇپ كەتكەن ئەلى كىرىپ كەلدى. ئوسمان مۇئەللىم تۇتۇلغان چىرايى بىلەن ئەلىگە قىيا بۇرۇ-لۇپ قويدى. ئەلى بولسا ئاتىسىغا قارىماستىنلا جوزا يېنىغا كەلدى.

ئوسمان مۇئەللىم ئىغىر خورسىنىپ ئۆيگە كىرىپ كەت-تى. ئۇنىڭ هېچ ئىشقا قولى بارمىدى. هەدەپ تاماكا چېكەت-تى. شۇ ئارىدا چىرايىدىن ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان ئەلى ئىشىكتىن ئاتىسىغا قاراپ قويۇپ ئاستا كەينىگە ياندى. تۇرۇپلا ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنى باسالماي قالدى. قولىدى-كى ئەمدىلا ئوت تۇتاشتۇرغان تاماكىنى چۆرۈۋەتتى. ئېرد-نىڭ نېمىگە ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلمەي ئەنسىرەپ قالغان ئايالى ئېرىگە پات ـ پات ئەنسىز قاراپ قوياتتى.

ئەلى يەنە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىردى ـ يۇ، جىمىدىلا چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئازدىن كېيىن دېرىزىدىن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن چوڭ ئەندىشىدە قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئوسمان مۇئەللىمنىڭ بۇلارغا زەن سېلىپ ئولتۇرغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. ئۇ دەممۇ دەم جىلى بولاتتى، يەنە بېسىلاتتى. خەير، تۇگىگەن ئىشقا… بىراق… شۇ چاغدا ئەلى يەنە كىردى. ئاخىر، ئوسمان مۇئەللىم چېچىلدى:

— نېمە قۇترايسەن! ؟ ماڭ تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە!

ئەلى تېخىمۇ هودۇقتى.

— ئاتا…

ئوسمان مۇئەللىم چەكچەيدى. بىراق بالىسىنىڭ كۆزد-

دىكى ياشنى كۆرۈپ چۆچۈدى، ئەلى مىلىڭ تەسلىكتە غەيرەتكە كەلدى:

— پۇلنى مەن ئالغان... مانا...

ئەلىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدا بىر تۇتام پۇل.

— نېمە؟! — ئوسمان مۇئەللىم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — نېمە دەۋاتىسەن؟ قايسى پۇل؟ غوپۇرنىڭ... ھېلىقى...

ئەلى «پاڭگىدە» يىغلاپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنى باسالماي ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ئېيتە، ئېيت! ئېيت دەيمەن...

ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئاپىسى تۇرۇپلا قالدى. ئەلى ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە ئاپىسىغا ئېسىلدى.

— ئاپا...

ئوسمان مۇئەللىمنىڭ كۆزى غەزەپتىن ياناتتى. ئۇ ھە-دەپ تىترەيتتى. ئۇ ئايالىغا ھۆرپەيدى:

—قويۇۋەت ئۇنى!

ئوسمان مۇئەللىم ئوغلىنى يەنە سىلكىشلىدى، ئەلى لېۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تىترەڭگۇ ئا-ۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇ كۈنى ئىلھام ئىشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كې-يىن، بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ مەنمۇ ماڭدىم... مەن... مەن ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا بىر مەسىلىنىڭ جاۋابىغا ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن. بىر تال چېكىتنى چېكىپلا قويسام ئون بەش نومۇر. بولمىسا... مەن كىرىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چېكىپ قوياي دېگەنىدىم. كىرسەم

ئىشخانىدا ئىلھامدىن باشقا بىرى يوقكەن، ئىلھاممۇ كىرگە-
نىمنى تۇيمىدى. مەن دەرھال ئەقىل... ئىشلىتىپ ئىشىك-
نىڭ... ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم. ئازدىن كېيىنلا
ئىلھام ئىشخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى ياپتى ۋە بىر مۇئەللىم
بىلەن سۆزلەشكەندەك قىلدى. مۇئەللىمنىڭ گېپىدىن باشقا
ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىنغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇ-
شال بولۇپ كەتتىم. مەن تېزلىكتە قەغىزىمنى تېپىپ چې-
كىتنى چېكىپ قويدۇم. ماڭاي دەپ شۇنداق قارىسام...
قارىسام... پۇل... راست ئاتا، نېمە ئويلىغىنىمنى بىل-
مەيمەن... پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ ساپتىمەن.
شۇ چاغدا دەرسكە داڭ ئۇرۇلدى. مەن قورقۇپ كېتىپ
دېرىزىدىن ئىشخانا كەينىدىكى دەرەخلىككە سەكرىدىم.
ئاتا... ئاتا... نەچچە كۈندىن بېرى بەك قورقتۇم. ئۇخ-
لىيالمىدىم... ئاپا... شۇڭا... شۇڭا تاماقمۇ يېيەلمىدىم.
بۈگۈن... بۈگۈن... بۈگۈن... ئىلھام مەكتەپتىن ھەي-
دەلگەندە... مەن چىدىيالمىدىم ئاتا... پۇلغا بىر تال چېقىلمى-
دىم. ئىلھامنى ئەكېلىۋالساڭ...
— ئەبلەخ! — ئوسمان مۇئەللىم تېز، ئېغىر - ئېغىر
تىنغىنىچە بىر كاچات سېلىۋەتتى، سەنتۈرۈلۈپ ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپ قالغان ئەلىنىڭ جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ
چىقتى.
— سەن، سەن! — ئەلىگە قولىنى سانجىپ دېمىنى
ئالالماي قالغان ئوسمان مۇئەللىم ھويلىغا ماڭدى.
— ئاتىسى، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، — ئاپىسى نېمە
قىلىشىنى بىلمەي قالدى.
— خەپ، سېنى...

غۇچ ـ غۇچ بولۇپ كېتىۋاتقان ئوسمان مۇئەللىم هويلا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا توختاپ، مەڭدەپ قال-دى. بايا سېكۇنت ئىچىدە پەيدا بولغان ئەلىنى مەلۇم قىلىپ ئىلهامنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئوي ـ خىيال قاياقلاردىندۇر ياڭراپ كەتكەن سادالار ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى:

«— پۇلنى ئىلهام ئەمەس، ئەلى ئېلىۋاپتۇ ـ دە!

— ئەلى ئوغرى!

— پۇلنى ئوسمان مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئوغرىلاپتۇ!

— هە...

— ئەسلىي مۇنداقكەندە...»

ئوسمان مۇئەللىم قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئەتىكى رې-ئاللىق چوقۇم شۇنداق. ئەنە ئوسال هالغا چۈشۈپ قالغان ئوسمان مۇئەللىم، ئەلى... ئۇلارغا تىكىلگەن غەزەپلىك كۆز-لەر، نەپرەتلىك نەزەرلەر...

ئوسمان مۇئەللىم يەنە شۇ تېزلىكتە كەينىگە بۇرۇلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پىكرى ئۆزىگىلا مەركەزلەشكەنىدى.

ئەلى تېخىچىلا يىغلاۋاتاتتى، ئاپىسى بەزلەۋاتاتتى. ئوس-مان مۇئەللىم تاماكا تۇتاشتۇردى.

— زۇۋانىڭنى ئۈچۈر، — ئۇ ئۆزىنى بېسىشقا تىرىش-تى، — سەندەك نېمىنىڭ پاچىقىنى چېقىۋەتسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ، سېنى، خەپ سېنى...

ئاپىسى قورقۇمسىراپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بولدى! — ئوسمان مۇئەللىم يەنە جىملىدى، — ئىش چىڭىغا چىققاندا قىلغان ئىشىنى بۇنىڭ. زۇۋانىڭنى يىغ، نېمە سەتچىلىك بۇ. يۇرتتا تۇرغۇدەك يۈز كېرەك

بىزگە. بىرىگە تىنغۇچى بولماڭلار. ئاران بېسىققاندا بۇ ئىش مۇشۇ يەردە قالسۇن. ھەي... ھەي... خەپ!

ئوسمان مۇئەللىم ئىشىكنى «جاققىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى.

## 9. پادىچى

ئۆيگە كەلگۈچە ئىلھامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ يىغلىغۇسىلا كېلەتتى. ياش توختىماي سىرغىيتتى. قارىغاندا ياش دېگەن زىدە بول-غان، ئازابلانغان قەلبتە ھاسىل بولۇپ، كۆزدىن تېشىپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ.

ئابلا ئاكا كولۇمسىرەشكە تىرىشىپ ئۇنىڭ بېشىنى سى-لىدى. ئىلھام چوڭ يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك ئۆزىنى باسال-ماي قالدى.

— يىغلىما ئوغلۇم، — دېدى ئابلا ئاكىمۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ سۆزلەپ، — بۇ ئىشنى تولا ئويلاۋەرمە...

ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ «ئوقۇمىغانغا نېمە بوپتۇ؟» دېيىشكە ئابلا ئاكىنىڭ يۈرىكى زىنھار چىدىمايدۇ. پەقەت «يىغلىما» دەپ تەسەللى بېرىپلا ئىلھامنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرىدۇ.

ئىلھام دەپتەر ـ كىتابلىرىغا قاراپ خىيال بىلەن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۆگىنىپ ئۆتكەن دەرسلەرنى كۆرۈپ چىقتى، لېكىن ھەممىسىلا ئۇنىڭغا ئەلەم ئەكەلدى. كۆڭۈل-لۈك دەرس ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ دىلنى ئاچچىق قىل-دى. ئەمدى بۇ دەپتەر ـ كىتابلارنى قويىدىغان پارتىسى

يوق، تېزلىك بىلەن ھېساب ئىشلەپ مۆئەللىمگە كۆرسىد-
تىپ، دوسكىغا مەردانە چىقىپ بالىلارغا ھېساب ئىشلەپ
كۆرسىتىشلەر تېخىمۇ يوق. ھەي، شۇ كۈنى، شۇ ۋاقىتتا
ئىشخانىغا كىرمىگەن بولسا بوپتىكەن. ھېچبولمىسا بىر مىد-
نۇت بولسىمۇ كېچىككەن بولسىچۇ... باشقىلارغا چۈشەندۈ-
رۈپ بولغىلى بولمايدىغان ئىشلار جاھاندا شۇنچە كۆپمىدۇ؟
ئىلھام تۇرۇپ ئويلاپ كېتەتتى: «دۇنيادىكى ھەممىلا ئىشنى
بىر ياقتىن خاتىرىلەپ قويىدىغان بىرەر ئەسۋاب بولغان بول-
سا، شۇ تاپتا بېرىپ ئۆزۈمنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ نېمە
قىلغانلىقىمنى، پۇلنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ
قويسام...»
ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئاتىسىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ
كەتتى.
— تولا ئويلاۋەرمە ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ
قويىسەن.
ئابلا ئاكا ھەر گېپىدە دېگۈدەك «ئوغلۇم» دېگەن سۆزنى
قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئىلھامنىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ كېتەت-
تى ۋە كۈچلۈك ئاتىلىق مېھرىنى ھېس قىلاتتى.
— بىكار تۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم ئاتا، — ئىلھام كۆڭ-
لى يېرىم بولۇپ كىتابلىرىنى يىغىشتۇردى. ئاندىن مىڭ
تەسلىكتە ئېغىزدىن چىقاردى ۋە كۆزىگە «لۆممىدە» ياش
ئالدى، — مەكتەپنى سېغىندىم...
ئابلا ئاكا چىشىنى چىشىغا چىڭ باستى، يۈرىكىدىكى
يۇك ئېغىرلاپ كەتكەندەك بولدى.
— ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىش زېرىكىشلىك ئىش. مەھەللىد-
گە چىقساڭ بالىلار يوق. ھەممىسى مەكتەپكە كەتكەن، —

ئابلا ئاكا «مەكتەپكە» دەپ سىلىپ يۈرىكى جىغىلداپ قال-
دى، — قويدىن بەشنى ئىلىپ قويدۇم. ئىغىلدىكى قويغا
قوشۇپ قوي باققىن. كۆڭلۈك ئىچىلىپ قالىدۇ. قوي تىل-
سىز بولغان بىلەن ئىگىسى بىلەن سىردىشىشنى بىلىدۇ.
يېزا تۇرمۇشى، دېھقان ئېڭى شۇنداق. باشقا نېمە ئىش
قىلىش كېرەك؟ ئىلھاممۇ قايسى بىر چەتئەل ئالىمىغا ئوخ-
شاش ئۆيدە ئۆگىنىپ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرىدىغان بىلىم-
لىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇنمۇ؟ شۇنچىلىك ئاڭ،
مەدەنىيەت، بىلىم سەۋىيىسىدىكى يېزا كىشىلىرىگە بۇ بىر
سىرلىق هاڭ.
ئىلھام بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە باش لىڭشىتتى.
شۇنداق قىلىپ ئىلھام پادىچى بولۇپ قالدى.
ئەتىسى باللار مەكتەپكە، ئىلھام باش كۆتۈرەلمەي قىد-
رىق بەش قوينى ھەيدىگىنىچە كۆل بويىغا ماڭدى.
قوي، كۆل…
راستىنلا ئىلھامنىڭ كۆڭلى ئىچىلىپ قالدى. قوزد-
چاقلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا شوخلۇق قىلىشاتتى، ئىلھام بىلەن
ئوينىشاتتى. ئىلھامنىڭ تاتلىق نېنىنى تەڭ يېيىشكەن چوڭ
قويلار ئىلھامنىڭ كەينىدىن چىقماي قوي پادىسىنى باشلاپ
سايلىك ئۇجمىلىكنى، بولۇق ئوتلۇقنى، سۈزۈك سۇلار
شىلدىرلايدىغان ئېرىقلارنى ئارىلايتتى. ئىلھامغا ئۆگىنىپ
كەتكەن قويلار ئىلھامنى ئۆزلىرىدىن بىردەممۇ نېرى قىل-
مايتتى. ئىلھام سۇغا چۆمۈلسە، ئۇ سۇدىن چىققۇچە قويلار
قىرغاقتا ھېلىلا سۇغا چۈشىدىغاندەك قارىشىپ تۇراتتى.
ئادەمنى ئۇيقۇ باسىدىغان ئىسسىق بولۇپ كەتكەندە، ئىلھام
دەرەخ سايىسىدە ئەمدى كۆز يۇمۇشىغا بايىلا ئىلھامغا ئالدد-

نىپ نېرىدا قالغان قويلار ئۆنىڭ يۈزىنى پۇراپ پەقەت ئۈيقۇ بەرمەيتتى. قوزىچاقلار بولسا ئۆنىڭ يالىڭاچ پۇتىنى پۇراپ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. تۈزۈك ئارام ئالالمىغان ئىلھام ئور-نىدىن تۇرۇپلا يۆگۈرەيتتى. خۇددى تۈيغاندەكلا قويلارمۇ ئۆنىڭ كەينىدىن چېپىشاتتى، بىردەمدىلا كۆل بويىنى قوي-لارنىڭ مەرەشلىرى، ئىلھامنىڭ چۇڭقۇلداپ ئېيتقان ناخشى-لىرى بىر ئالاتتى. كەچلىكى بۇ بىر توپ «ئويۇنچىلار» ھېرىپ قالغاندەك ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۆيگە قايتىشاتتى.

ئىلھام كۈندۈزىغۇ قويلار بىلەن، يەنە باشقا پادىچىلار بىلەن ئويناپ غەمسىز ئۆتىدۇ. بىراق ئاخشاملىرى كۆزىگە مەكتىپى كۆرۈنۈپ پەقەت ئۇخلىيالمايدۇ. خېلى كەچلەرگى-چە بىر ئارزۇلار بىلەن ئۇھ تارتىپ چىقىدۇ. بەزىدە كونا دەرسلىكلىرىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ كېتىدۇ. ئەتىسى يەنە قوي، كۆل، توگمەس ئويۇنلار...

ئىلھام ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قويلار بىلەن بىرلە-شىپ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ساۋاقداشلىرىدىن بىر نەچچىسى كېلىپ ئويناپ كەتتى. ئىلھامدا ئېچىنىشلىق بىر تۇيغۇ قوتراپ تۇرسىمۇ، ئويۇن، پاراڭ جەريانىدا چاندۇر-ماسلىققا تىرىشتى. ئەمما ساۋاقداشلىرى كېتىشى بىلەن غەم-گە تولغان ئىككى كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئوغلۇم، — دېدى ئابلا ئاكا دېھقانلارغا خاس غۇرۇر ۋە قەتئىيلىك بىلەن. ئاندىن ئىلھامنىڭ يېشىنى سۈرتتى، — قارا، قوزىلىرىڭ سېنى ئىزدەپ مەرىشىۋاتىدۇ.

ئىلھام، مېھرىبان، ھەر بىر سۆزىدىن كۆچلۈك ئاتى-لىق ھارارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاتىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەب-

بىتتىنى ئاجايىپ سۆيۈنۈپ قوبۇل قىلاتتى.

ئىلهام ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ئىغىلىغا ماڭدى.

— بالامنىڭ دىلى سۇنۇق، — دېدى ئىبادەتخان ھەدە كۆز يېشى قىلىپ، — پۇلنى تۆلىۋېتىدىغان... تۆلىۋېتىدىغانمۇ ئىشكەندۇق. ئۈچ يۈز كوي بىزنى بېسىپ ئۆلتۈرمىگەندىكىن.

— ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن. بىچارە بالام، ئوغلۇم خۇشال بولىدىغان ئىش بولسىلا، مانا مەن ھەممىگە تەييارمەن، — دېدى ئابلا ئاكا ئوغلىغا سۆيۈنۈش ھەم خۇرسىنىش بىلەن قاراپ، — بىراق بايىقىدەك گەپلەرنى قىلما. گەپ پۇلدا ئەمەس، بىز دېھقان بولساقمۇ ئۆزىمىزگە يارىشا غۇرۇرىمىز، ۋىجدانىمىز بار.

ئىبادەتخان ھەدە بۇلارنى چۈشەنسىمۇ، بالىسىغا ئىچى كۆيەتتى. بەزىدە پۇلنى ئاپىرىپ بەرگۈسى كېلىپ كېتەتتى. ئەمما... ھەي، ئىشلار نېمانچە چىگىشكىنتاڭ؟

ئۇلار ئىلهامنىڭ تۇرقىغا قاراپ، بىر - بىرىگە ئەلەملىك تىكىلىشتى. ئىلهام بەزىدە كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۈلكىسىنىڭ كەينىدە بىر ئازاب باردەك ئىدى.

ئىلهام قويلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆل تەرەپكە مەكتەپ ئالدىدىن ئۆتىدىغان يول بىلەن مېڭىپ سالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

مەكتەپ!

ئىلهامنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. بۇ يەردىن ھەر باھانىلەر بىلەن ئۆتمىگىلى ئون كۈندىن ئېشىپتۇ.

ئىلهام دەرۋازا ئالدىدا توختاپ قالدى. دەرس ۋاقتى بولغاچقا مەيداندا ھېچكىم يوق. ئىلهام، مەكتەپ ئىچىگە

تويماي قاراپ كەتتى. ئەنە سىنىپى. بەلكى... بەلكى... ئۇنىڭ ئورنى شۇ تاپتا بوشتۇ؟ بەلكى ئوسمان مۇئەللىم سوئال سوراپ «ئىلھام» دەپ تاشلىغاندۇ، بەلكى ئەلى بىرەر قىيىن مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز يېنىغا قارىغاندۇ؟ بەلكى... بەلكى...

ئىلھامنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. كۆزىدە ياش لىغىرلىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، لېۋىنى چىشلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئىككى يىل ئەنە شۇنداق قويلار بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى تولۇقسىز 3 - يىللىققا چىقتى.

## 10. كۆل

ئېغىز گارمونىنى «بەخت ناخشىسى» دېگەن كىنودىكى «مەن ئۆزۈم بىر شوخ بالا» دېگەن ئاھاڭغا چېلىۋاتقان، ئاپپاق يۇرۇۋەرگەچكە چىرايى قارامتۇللىشىپ كەتكەن، بويى ئۆسۈپ، چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئىلھام ئۈجمە دەرىخىنىڭ يوغان شېخىدا مايمۇندەك بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. بۇرۇندىن بىر ھەسسە كۆپىيىپ قالغان قويلار خۇددى رىتىملىق، جانلىق، شوخ مۇزىكىنى چۈشىنىۋاتقاندەك ئوت يېيىشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. يىراقتا كۆل يۈزى قۇياش نۇرىدا كۈچلۈك پارقىراپ كۆزنى چاقاتتى. كۆل بويىدىكى چىملىقتا بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ئۈچ بالا كېپىنەك قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى. يىراقتىن دەرستىن چۈشكەنمۇ ياكى دەرسكە كىرگەنمۇ داڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما ئىلھام بۇ ئاۋازغا خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئانچە ئېرەن قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھازىر ئۇنىڭغا پىششىق تونۇشلۇق بولغىنى قوي، كۆل...

ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ دېگەن سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ تەسەللى ئىدى: «ئۇلار هامان خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. لېكىن سەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە. مەكتەپتە ئوقۇشتىكى مەقسەت بىلىم ئېلىش. توغرا، مەكتەپتە مۇنتىزىم بىلىم ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن جەمئىيەتتىمۇ بىباھا بىلىملەر تولۇپ يېتىپتۇ. گەپ شۇ بىلىملەرنى قانداق ئېلىشتا، يەنى ئادەمدە! شۇڭا سەن ئۈمىدسىزلەنمەي دەرسلىرىڭنى ئۆگىنىپ تۇر، ھامىنى ساڭا ئەسقاتىدۇ».

ئۇ ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈشنى ئويلاپ ئېغىز گارمونىنىڭ ئاھاڭىنى يۆتكىدى...

— ۋاي، سىڭلىم سۇغا چۈشۈپ كەتتى! ... ئاتا...

بۇ ئەنسىز ئاۋازدىن كېيىن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالغان ئىلھام قولىدىكى ئېغىز گارمونىنى تاشلاپ، دەرەختىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كۆل بويىغا يۈگۈردى. چۆچۈپ كەتكەن قوىلار ئازراق تۇرۇپ قېلىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىشتى.

— ۋاي، ئاپا...

كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئون مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە سۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كۆلنىڭ تېگى پاتقاق، ئەتراپى غىلتاڭ بولۇپ كەتكەن سېمونت تاختاي ئىدى.

ئىلھام يېتىپ كەلگەندە ھېلىقى ئۈچ بالا كۆرۈنمەيتتى. كۆلدە بولسا بىرى ھەدەپ پالاقشىۋاتاتتى. ئىلھام ئىككىلىنىپ تۇرمايلا تولا چۆمۈلۈپ تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن كۆلگە

سەكرىدى. ئۇ ھېچقانچە كۆچىمەيلا ھېلىقى بالىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. بالا ھاسىراپ قورققىنىدىن دېمىنى ئالالمايۋاتاتتى.



— باشقىلار قېنى؟ — ئىلھام بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە سورىدى.
— سۇغا چۆكۈپ...، — بالا شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتى.
ئىلھام يەنە سۇغا شۇڭغۇدى، بىراق شۇ ئەتراپنى خېلى ئىزدەپمۇ تاپالماي سۇ ئۈستىگە قايتىپ چىقتى. بۇ چاغدا سايە جايلاردا ئارام ئېلىۋاتقان ياشانغان كىشىلەر يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشىپ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ۋە كۆلگە ئەندىشە ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقانىدى. بىرى ئىلھامنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:
— تۆۋەنرەكنى ئىزدە، تۆۋەنرەكنى...
ئىلھام چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ سۇ باغرىنى يېرىپ كە-

رىپ كەتتى. نەپەس قىسىلىش، توختىماي ھەرىكەتلىنىۋات-
قان قوللار تېلىش، ئارتۇقچە جىددىيلىك...
ئىلھام مىلىك تەسلىكتە يەنە بىر بالىنى قىرغاققا ئېلىپ
چىقتى. بوۋايلار ئۆزۈن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بويى-
چە بالىنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.
ئىلھام يەنە سۇغا سەكرىدى. يوق. نەپەسلىنىۋالغان
ئىلھام ھېرىپ، قىينىلىپ كۆل تەكتىنى تەكرار قېزىپ
چىقتى. يوق. ئىلھام يەنە سۇغا سەكرىدى. يەنە... يەنە...
ئىلھام ئۈچىنچى بالىنى قىرغاققا ئېلىپ چىققاندا ھالىد-
دىن كەتتى.
كۆل بويىنى يىغا - زار قاپلىدى.
بىر توپ قوي ئىلھامغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

## 11. ئۇ مەكتەپكە قايتتى

خىزىر سۇپەت ئاقساقاللىق بوۋايلارنىڭ ياخشى تىلەك-
لەرگە تولغان ئۆزۈن دۇئالىرىدىن ئىلھام تۇرۇپ قورۇنسا،
تۇرۇپ سۆيۈنەتتى.
— جېنىم بالام، ئۆمرۈڭدە دەرد كۆرمەي ئۆتەرسەن،
ئۆمرۈڭ ئۆزۈن بولسۇن، مىڭ كىشىلىك ساۋاب تاپتىڭ
بالام. دۇشمىنىڭ كۇل، تىكىنىڭ گۇل بولغاي ئىلاھىم.
قۇتقۇزۇۋېلىنغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مىننەتدار-
لىققا تولغان سەمىمىي كۆڭۈللىرى بىلەن ئىلھامنى
يوقلىدى.
بۈگۈن كەچمۇ مېھمانلار ئۈزاپ، ئۇلار ئەمدى «ئۇھ»
دېيىشكە دەرۋازا قېقىلدى. كاڭغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان

ئىلھام كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ دەرۋازىنى ئىچىپ تۇرۇپلا قالدى.

— كىمكەن ئۇ؟ — ئوغلىنىڭ كەينىدىن مېھماننىڭ ئالدىغا چىققان ئابلا ئاكا ئىلھامنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ھوي، — ئابلا ئاكا تېزلىك بىلەن كۆرۈشتى، — ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تېنىڭلار سالامەت، ئۆي ئىچىڭلار تىنچلىق، قېنى ئىچكىرىگە…

ئوسمان مۇئەللىم كۇلۇمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئىلھام مۇئەللىمى ئەھۋال سورىغانغا ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالغاندى. كەينىدىن كىرگەن بەكرى مۇئەللىم ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئوسمان مۇئەللىم ئۆزىنى خېلى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق پاراڭنى مەقسىتىگە يۆتكىگىچە تولىمۇ قىينالدى:

— ئابلا ئاكا… بىز… ئىلھامنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن…

ئابلا ئاكا چۆچۈدى، ئىلھام ئىشىنەلمىدى، ئىبادەتخان ھەدە تېڭىرقاپ قالدى. تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپتىن كېيىن ئابلا ئاكا چوڭقۇر ئوي ئىچىدە ئوسمان مۇئەللىمگە تىكىلدى.

— خوش…

ئوسمان مۇئەللىم سۆزىنى باشلىدى:

— ئالدىلىرىدا چوڭ خىجىلچىلىقىمىز بار. ئەينى ۋاقىتتا شارائىت شۇنداق ئىدى. سىلىمۇ كۆردىلە، بىز تولىمۇ ئەپسۇسلۇقتا قالدۇق. ئىلھام ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچى

ئىدى. مۇئەللىملەرمۇ ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئىلھام-مۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئوقۇغۇچى ئىدى. كېيىن... ھەي، ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى. تازا چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر ئىش بولدىغۇ... تا بۇگۈنگىچە بۇ ئىشقا ئېچىنىپ كەلدىم. مەكتەپتىمۇ ئىلھامنى مەكتەپ قويىنغا قايتۇرۇپ كېلىش توغرۇلۇق نەچچە قېتىم گەپ بولۇندى...

ئىلھام ئۆزى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ھېسسىيات ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا تەتۈرلۈكمۇ، ئاچچىقمۇ، سۆس ئىنتىلىشمۇ، گۆدەكلەرچە ئارزۇمۇ قوترىدى. ئابلا ئاكا بولسا تېخىچىلا چۈشىنىكسىزلىك ئىچىدە تۇراتتى. نېرىدا ئىبادەتخان ھەدە سەۋرسىزلىك بىلەن گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتەتتى.

— بۇ يىل يۇقىرى - تۆۋەننىڭ قوللىشى بىلەن مۇدىر بولۇپ قالدىم، — بۇنىڭدىن نېمىشقىدۇر ئىلھامنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى، — شۇنىڭ بىلەن ئىلھامنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئارام بەرمىگىلى تۇردى. چوڭ ئىشىم شۇ بولۇپ قالسۇن، دېدىم. بۇ مەسلىھەتنى بۇگۈن مۇئەللىملەرنىڭ پىكرىگە قويۇۋىدىم. قارشى پىكىر چىقمىدى. شۇڭا مەسلىھەت بىلەن كەلدۇق. بۇرۇن ناھايىتى سەت ئىش بولدى. ئۇنى توغرا چۈشىنىپ، سەۋەنلىكىمىزنى ئەپۇ قىلسىلا، ئىلھاممۇ مەكتەپنى سېغىنغاندۇ؟

ئابلا ئاكا بىلىپ بولمايدىغان تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— قانداق بولار؟

— قىلچە ئىككىلەنمىسىلە، — دېدى ئوسمان مۇئەللىم ئالدىراپ، — ئىلھام چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئاساسى ياخشى، زېھنى ئوچۇق. بۇرۇن سىلى بىلەن بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشكەن. مېنىمۇ ياخشى چۈشىنىلا، ئىلھام يەنە ئوقۇشىنى قېلىۋەرسە ياخشى بولمايدۇ. بۇ تەرەپ-لىرىنى ئۆزلىرى ياخشى بىلىلا، قانداق ئىلھام، مەكتەپكە قايتقۇڭ بارمۇ؟

— ساۋاقداشلىرىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بو-لۇپ كەتتى بۇگۈن، — گەپ قىستۇردى بەكرى مۇئەللىم.

ئىلھام ھاياجان بىلەن ئاتىسىغا تىكىلدى. بۇ چاغدا ئوغلىدىن بۇرۇن كۈتكەن گۈزەل ئۈمىدلىرى قايتىدىن يې-نىپ كەتكەن ئابلا ئاكا ئىختىيارسىز لا ئوغلىنىڭ ئۆز تەسەۋ-ۋۇرىدىكىدەك كېلەچىكىنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئىلھام پادى-چى بولۇپ قېلىپ ئابلا ئاكىغا بەك ئەلەم قىلغان، كۆزلىرىگە ياش كەلتۈرگەنىدى. مانا ئەمدى... ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ئى-زىغا چۈشۈپ، شۇ ئۈمىدلەر ئۈچۈن قايتا پۇرسەت كېلىۋات-قان ئوخشايدۇ...

ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغان ئىلھام ئاستا بېرىپ ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتتى. بالىسىنىڭ سومكى-سىنى ئۆز پېتى ھېلىغىچە ساقلاۋاتقان ئىبادەتخان ھەدە خۇد-دى بۇ پۇرسەت مۇشۇنداق جىملىق ئىچىدىلا ئۆتۈپ كېتىدى-غاندەك ئابلا ئاكىنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— بارسۇن ئاتىسى، بارسۇن، بىچارە بالام...

بىردىنلا ئەينى چاغدىكى ئىلھامنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەسلەپ قالغان ئىبادەتخان ھەدە كۆز يېشى قىلىشقا باشلى-دى. تېخىچىلا ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتقان ئىلھام ئاتىسىغا تېز ـ تېز قاراپ قويىاتتى. بىرخىل ھاياجانلىق ھودۇقۇش ئىچىدە ئۇ ھەتتا خىيالمۇ قىلالمايۋاتاتتى.

— بارسۇن، بالام ئوقۇيدىغانلا ئىش بولسا، مەن ھەر قانداق كۆلپەتلەرگە تەييار، — ئابلا ئاكا مىننەتدارلىق بىلەن ئوسمان مۇئەللىمگە تىكىلدى. ئوسمان مۇئەللىم يېنىك تىندى:

— بەك بەلەن، ئۇنداقتا ئەتىلا بارسۇن!

مېھمانلار قايتتى.

ئىلھامنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قالدى.

## 12. ھەم چۈشىنىكسىز، ھەم قىزىق ئىشلار

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئىلھام مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلدى.

مەكتەپ دەرۋازىسى، سىنىپلار، دەل - دەرەخلەر شۇ پېتى، پەقەت ئىلھاملا باشقىچە. ئۇ ئۆزىچىلا قورۇنۇپ، ھودۇقۇپ دەرۋازىدىن كىردى. ئىلھام، راستتىنى ئېيتقاندا يات بىر ماكانغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. خۇشاللىق ھەم ئاچچىق كەچمىشلەر بىر يەرلەردە قالغانىدى، مانا يەنە خۇشاللىق… ھەي، ئاشۇ تۈگىمەس ئازابلىق خىيال-لارغا تولغان كېچىلەر، ئىلھامنىڭ ئەلەم، ئازارغا توشۇپ كەتكەن قەلبىنى چۈشەنمىگەن قويلار، ئىلھامنىڭ پۈچىلاذ-غان، زارلانغان ھېسلىرىنى ئېلىپ قالالمىغان كۆل… ئىلھامنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. ئۇ ياش لىغىرلاپ قالغان چاناقلىرىنى مىتمۇ قىلماي ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. خىيالى بولسا ئاخشامقى ئۆكۈنۈشلۈك خىيالغا بې-رىپ تاقاشتى. «مەكتەپكىغۇ قايتتىم، بىراق پۇلنى كىم-نىڭ ئالغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس، كىم نېمە دەيدۇ يەنە

...»

— تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، يۇر، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈش، ئۇلار سېنى ساقلاۋاتىدۇ، — بەكرى مۇئەللىم ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئىلھام بەكرى مۇئەللىمگە ئەگەشتى. تونۇش يول، ئىشىكلەر ئىلھامنىڭ يۈرىكىنى ئىلىلىتاتتى. ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئارىسىدا بىر چاغلاردا ئىلھامنىڭمۇ ئاۋازى بار ئىدى...

مانا سىنىپ، ئاھ...

ئىلھام باشقىچىلا بولۇپ كەتتى.

بەكرى مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن سىنىپقا كىرگەن ئىلھام تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئىشىكنى ئاستا تۇتۇپ قويدى.

بىردىنلا چوڭلاپ قالغاندەك بولۇپ قالغان گەۋدىلەرگە ئىلھام جۈرئەتلىنىپ قاراپ بولغۇچە كۆچلۈك چاۋاك ساداسى ياڭراپ كەتتى. بۇنىڭدىن خېلىلا ھودۇقۇپ كەتكەن ئىلھام پۇت - قولىدا جان قالمىغاندەك ھېس قىلدى.

بەكرى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ تېخىچىلا قېتىپ تۇرغان ئىلھامنى ئورۇۋېلىشتى. ئىلھام يىغلىغۇدەك بولۇپ كۈلۈشكە تىرىشتى. باللار ئۇنىڭدىن تىنىماي سوئال سورايتتى. گەپ ئاڭلايدىغان قويلىرى، سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلىقى، كۆل تېگىنىڭ قانداقلىقى، كۆلنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغاندا قورققان - قورقمىغانلىقى...

ساۋاقداشلىرىنىڭ مۇئامىلىسىدىن خۇرسەن بولغان ئىلھام تارتىنىشنى تاشلاپ قىزىق قىلىپ سۆزلەپ كەتتى.




ئازدىن كېيىن كىرىپ كەلگەن بەكرى مۇئەللىم ئۇلار-
نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق سۆھبىتىنى بۇزدى:
— بولدى، سۆزلىشىدىغان ۋاقىتىڭلار خېلى كۆپ. ھا-
زىر ئۇنىڭ ئازراق ئىشى بار.
ئىلھام ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ مۇدىر ئىشخا-
نىسىغا كىردى. ئورۇندۇقلاردىن باشقا نەرسىلەر ئۆزگەرمى-
گەن. ھە راست، ھېلىقى كەسكىن مۇدىرنىڭ ئورنىدا ئوس-
مان مۇئەللىم، بىر يىل بۇرۇن ئۇ مۇدىر ئىلھامغا مەكتەپ-
تىن چېكىندۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەمدى، بەلكىم،
ئوسمان مۇئەللىم كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى، دېگەندەك
گەپلەرنى قىلار.
— كەل، كەل، قېنى ئولتۇر، — ئوسمان مۇدىر
ئىللىق كۈلكىسى بىلەن ئۇنى قارشى ئالدى. ئىلھام ئولتۇ-

رۆپ بولغۆچە بەكرى مۆئەللىم ئىستاكاندا چاي ئەكەلدى. ئىلهام بۆلاردىن تېپىلغۆسىز خۆشاللىق سەزدى.

— بۆرۆنقىدىنمۆ ياخشى ئوقۆغىن، — دېدى ئوسمان مۆدىر ئادەمگە خۆش ياقىدىغان بىر مۆنچە گەپلەرنى قىلىپ. ئىلهامۆ خۆشاللىقىنى يوشۆرالمىدى. ئاندىن كېيىن ئوسمان مۆدىر رەسمىي گەپكە كۆچتى:

— سەن يەنە ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ئوقۆيسەن.

— ھە، — ئىلهام چۆچۆپ كەتتى، — تولۆقسىز 3 - يىللىقتا؟!

— شۆنداق، — ئوسمان مۆدىر كۆلۆپ كەتتى.

— مەن... مەن... تولۆقسىز 1 -، 2 - يىللىقنى ئوقۆمىسام، — ئىلهامغا ئۆ گەپ بەك غەلىتە تۆيۆلدى، — تولۆقسىز 3 - يىللىقنىڭ دەرسىنى قانداق بىلىمەن؟

ئوسمان مۆدىر ئۆنى چاي ئىچىشكە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— قورقما، بىز كۆپ ئويلاشتۆق. ئىلهام، بىز سېنى ئوبدان بىلىمىز. سېنىڭ زېھنىڭ ئوچۆق، ئۆتكۆر پىكىرلىكسەن. دادىل بول، ئۆكام، بىز ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا يەنە ئىككى مۆئەللىمنى دەرس تولۆقلاشقا ئورۆنلاشتۆردۆق. تىرىشقىن، يەنە كۆپ ۋاقىت بار. مەيۆسلەنمە، ھېچنېمە بىلمەيدىغان چېغىڭدىمۆ 1 - سىنىپقا كىرگەنغۆ، كېلەر يىلى ئوتتۆرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىسەن.

ئىلهام بۆ گەپلەردىن ئىلهاملانغاندەك بولۆپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھازىر سىلەرنىڭ سىنىپ مەسئۆلىڭلار بەكرى مۆئەللىم.

بۇنىڭدىن بىر دىنلا كۆچلەنگەندەك بولغان ئىلھام بەكرى مۇئەللىمنىڭ تەبەسسۇملۇق كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ يەردە يەنە بىر ئىش بار، — ئۇسمان مۇدىر ئىشكاپتىن بىر پارچە ئانكېت ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — ھازىرلا بەكرى مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ جەدۋەللەرنى تولدۇر.

— نېمە جەدۋەل بۇ؟

— ئىتتىپاققا كىرىش ئانكېتى.

— ھە!؟

ئىلھام قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ نەلەردە يۈرۈپ ئىتتىپاققا شەرت ھازىرلىدىكىن؟ ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. ئۇ ئەلا ئوقۇپ، ئون نەچچە پارچە ئىلتىماس يازغاندىن كېيىن ئاندىن پىئونېر بولغان. ئۇ بۇلتۇر سىنىپتا تۆتلا ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. مانا ئەمدى...

مۇدىر ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرىنى سېزىپ، قىسقىلا چۈشەنچە بەردى:

— بىز يەنىلا سېنى ياخشى ئوقۇغۇچى دەپ بىلىمىز.

— ئارتۇقچە ئويلانما، — دېدى بەكرى مۇئەللىمۇ، — ھەممەيلەن سېنى بىلىدۇ، ھەممىسى سېنى قوللايدۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، ھازىر سەن دېگەن ئۆلگە...

— بولدى، بولدى، — مۇدىر سۆزنى بۆلدى، — ئانكېتنى تېزرەك تولدۇرۇڭلار...

ئىلھام بۇگۈنكى ئىشلارنى قورۇنۇپقىنە ساۋاقداشلىرىغا دەپ بەرگىنىدە، ساۋاقداشلىرى ئۇ ئويلىغاندەك ھەيران بولماستىن قوللاپ كېتىشتى:

— شۇنداق بولۇشى كېرەك.

— سەن دېگەن قەھرىمان.

— سەن دېگەن ھازىر بىزنىڭ ئۇلگىمىز، راستقۇ!؟

ئىلھامنىڭ بۇگۈنكى كۇنى ناھايىتى خۇشال ئۆتتى. ئىلھام بۇگۇنكى ئىشلىرىنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ بېرىۋىدى، ئاتىسى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋاھ، ئوغلۇم، مۇئەللىملىرىڭ ئادىل ئىش قىپتۇ جۇمۇ، ياخشى ئوقۇغىن...

ئىلھام شۇ كېچىسى ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدى.

## 13. شان - شەرەپلەر

بۇگۇن ئىلھامنىڭ ئۇلگىلىك ئىش - ئىزلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقىپ كەتكەن ئوسمان مۇدىر ئارىدىن ئون كۇن ئۆتكەندىن كېيىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئىلھامنى چاقىرغىلى كىردى.

— ماڭ، چاپسان بول، سېنى زىيارەت قىلغىلى مۇخبىر كەپتۇ.

ئىلھام چۇشەنمەسلىك ھەم مۇخبىر دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىدە مۇدىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

— سورىغان سوئاللىرىغا ماتېرىيالىڭدا يازغاندىكىدەك جاۋاب بەر. بۇنى ئۇنتۇما جۇمۇ.

ئىلھام بۇ كۆيۇمچان، قەدىرلىك شۇنداقلا شاپائەتچى ئۇستازىدىن تولىمۇ رازى ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر قىسىم ئىشلار چۇشىنىكسىز ھەم يالغاندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئىش-

نى ئۇستازىنىڭ دېگىنىدەك، كۆڭلىدىكىدەك قىلىشقا تىرى-
شىپ كەلدى. ئابلا ئاكىمۇ بۇ ھەقتە ئوغلىغا: «ئۇلارمۇ ساڭا
ياخشى بولسۇن دەپ قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا ئادەم-
نىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئادەممۇ كېرەك. نېمە دېسە ھە
دېگىن. ئۇ ساڭا ھەرگىز يامانلىق تىلىمەيدۇ» دەپ نەسىھەت
قىلىپ تۇراتتى.

ئىلھام ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە، ئوتتۇز ياشلار چامى-
سىدىكى كۆزەينەكلىك، سېرىق چاچلىرى كەينىگە تەكشى
تارالغان، چىرايىدا قىزىقارلىق كۈلكە ئويناپ تۇرغان بىر
ئەر كىشى، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ھەم غەلىتە بىر سومكىنى
ئېسىپ، يېڭى تىپتىكى موتسىكلىتقا يۆلەنگىنىچە ئۇنىڭغا
سىنچىلاپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئادەم ئىكەن، بىر دەممۇ جىم تۇر-
غۇسى كەلمەي ئۇنى - بۇنى دەپ ئادەمنى كۈلدۈرۈپلا تۇرىدى-
كەن. ئۇنىڭ ئىلھامنى كۆرۈپ، ھەييارلارچە قىلغان بىرىن-
چى گېپى شۇ بولدى:

— ھەي، كۆلدىن بېلىق تۇتىمەن دەپ ئادەم تۇتۇۋالغان
سەنمۇ؟ — تولىمۇ قىزىقارلىق ئېيتىلغان بۇ گەپتىن ھەممى-
سى كۈلۈپ كەتتى.

— سېنى گېزىتكە چىقىرىمەن دەپ كەلدىم، — دېدى
مۇخبىر سومكىسىدىن فوتو ئاپپاراتىنى ئېلىپ، — لېكىن
مۇشۇ بويۇڭنى گېزىتكە قانداقمۇ پاتقۇزاي؟ — بۇ گەپتىن
ئىلھاممۇ كۈلۈپ كەتتى.

سۈرەتكە تارتىش باشلاندى.

ئىلھام بۇ مۇخبىرنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ بەك ئىللىق ئى-
كەنلىكىنى ھېس قىلدى. سۈرەتكە تارتىش جەريانىدا ئۇ

مۇخبىر: «ئاپپاراتنىڭ كۆزىگە قارىماي مېنىڭ كۆزۈمگە قارا. ھىجاي...» دەپ تىنىماي سۆزلەپ تۇردى. گاھىدا ئۆزى بىر قىسىم ھەرىكەتلەرنى ئىلھامغا ئۇلىگە ئورنىدا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بەزى كۆل ـ كىلىك ھەرىـكەتلىرىـدىن ئىلـھام كۆلۈپ قېتىپلا قالاتتى.

مۇخبىر كەچكىچە مەكتەپ، ئۆي، كۆل بويى... قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇز پارچە سۈرەت تارتتى ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى ئېلىپ كەتتى.

بۇ ئىش يېزىغا پۇر كېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا بۇ گەپ بېسىقمايلا ئىككى كۈندىن كېيىن مەكتەپ ئىچىگە چىـ ـرايلىق بىر پىكاپ كىرىپ توختىدى.

بۇ چاغدا ئىلھام ئۆگىنىش باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھىدروگېن ئايرىپ ئېلىش تەجرىبىسىنى ئىشلەپ بېقىش ئۇ- چۇن ماتېرىيال تەييارلاۋاتاتتى. لېكىن ئۆلچەملىك سۇلفات كىسلاتانى تاپالمىدى. ھەي، يېزىلارنىڭ تەجرىبىخانىسىدا مۇشۇنداق ئىش، ئەسۋاب، ماتېرىياللار قالايمىـقان ۋە چاڭ باسـقان ھەم كەم. تەجرىبىخانا ئىشـىكى ئاي ـ ئايلاپ ئېچىلمايدۇ. تېخى تەجرىبىخانا باشقا ھەرخىل ئېھتىياجلار تۈپەيلى ئورۇن يۆتكەپ تۇرىدۇ...

كەلگەنلەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىلھامدا ھېلىقى قىزىق مۇخبىردەك ياخشى تەسىر قالدۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى «ماڭ»، «تۇر»، «ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل» دېگەندەك گەپلەرلا چىقاتتى. ئۇلار ئىلھامنى ئىككى سائەتتەك ئاۋارە قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئوسمان مۇدىر بىر پارچە يەرلىك گېزىتنى

پۈلاڭلاتقىنىچە ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئىلهامۇ گېزىتنى كۆرۈپلا ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. گېزىتكە ئۆزۈن ماقالە ۋە تۆت پارچە سۈرەت بېرىلگەنىدى. سۈرەتلەردە ئىلهام ۋە ئوسمان مۇدىر، ماقالىدە بولسا ئىلهامنىڭ ئىش - ئىزلىرى ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان ۋە بىر قانچە يېرىدە ئوسمان مۇدىرمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. ئوسمان مۇدىر قايتا - قايتا يېنىك تىنىپ، خۇددى پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان كىشىدەك ئارامخۇدا تاماكا چەكتى. شۇندىلا ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پىنھاندا تۇرغان شىرىن خىيالىنى ئەركىنرەك سۈرگەندەك بولدى...

گېزىتنى قايتا - قايتا ئوقۇپمۇ تېخى قولىدىن چۈشۈرمىگەن ئابلا ئاكا تېلېۋىزورغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئىلهام، ئىلهام سەن... سەن... دەنشىدە...

ئىلهامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئەنە كۆل، ئىلهام ۋە ئۇ قۇتقۇزۇۋاتقان ئۈچ سەبىي، ئىلهامنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقان ئوسمان مۇدىر، ئىلهامنى ئورۇۋالغان ساۋاقداشلىرى...

ئىلهام سەكرەپ كەتتى:

— هوي، ئوهۇي... مەن... مەن ئەنە...

... ئەنە، ئوسمان مۇدىر ئىلهامنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرمەكتە...

بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن ئوسمان مۇدىر خۇشاللىقتىن ئولتۇرالمايلا قالدى ۋە ئەلىگە:

— ئەتە، ساڭا ھېلىقى تەنتەربىيە كىيىمىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەۋەتتى. مۇشۇ ئىش بىلەن ئاتىسىغا قېيداپ يۈرگەن ئەلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ زوق - شوخ بىلەن ئۇ

كىيىمنىڭ ئېسىللىكىنى ئاتىسىغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپتىن مۇخبىرلارنىڭ، زىيا- رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەكتەپ، ئىلھام ۋە ئوسمان مۇدىرلارنىڭ ئىسمى رادىئولاردا ئاڭلاندى. ھەتتا ھېلىقى قىزىقچى مۇخبىر ئاپتونوم رايونىنىڭ چوڭ بىر ژۇرنىلىدا ئىلھامنى ئون نەچچە پارچە سۈرىتى بىلەن تونۇشتۇردى.

قوي يېقىپ يۈرگەنلەردە بۇ ئىش چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئىلھام بۇ تۇگىمەس ئىشلاردىن «ئۇھ» دېيىشكە ھالى قالماي تۇرغاندا، ئۇنىڭغا يەنە بىر خۇش خەۋەر كەلدى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇشتەك شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى. ئىلھام مۇشۇ خۇشاللىقى ئىچىدە ئوسمان مۇدىر بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قانغۇچە ساياھەت قىلىپ كەلدى.

ئىلھامنى ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇ- نىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى. ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلى- رىچۇ تېخى...

مانا مۇشۇنداق خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان مۇدىر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرلىرى قاتارىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە زىيارەتكە ۋە ئۆگىنىشكە بې- رىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«ئەقىل - پاراسەتنى ئىشقا سالسىلا كۆزلىگەن مەقسەت- لەرگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم، ئېھ، شۇ يىللار... كىشىلەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قارغىشىدۇ. شۇنداق، ئىش دېگەن ئادەملەرنىڭ ئويلىغىنى-

دەك، تەلىيىدەك بولىۋەرمەيدۇ - دە. بىرىنى يىغلىتىدۇ، بىرىنى كۈلدۈرىدۇ. ئەگەررزە، شۇ يىللار بولمىسا ماڭا بۇ كۈنلەر نەدە تۇرۇپتۇ؟ بولۇپمۇ ئادەم دېگەندە ئەقىل - پاراسەت، يىراقنى كۆرەرلىك بولمىسا قانداقمۇ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرالىسۇن؟ مانا مەن شۇ چاغلاردا دادۇيىجاڭ بولۇپ ئەمەل تۇتقان ئاكام دادۇيگە كاسىر بول دېسە ئۇنىماي تولۇقسىزنى تۈزۈك ئوقۇمىغىنىمغا قارىماي، ئەپەندى بولىمەن، دەپ تۇرۇۋالدىم ۋە ئاكامنىڭ كۈچى بىلەن ئاسانلا مۇئەللىم بولۇۋالدىم. چۈنكى بۇ ئىش ماڭا ئاسان نان تېپىپ يېگىلى بولىدىغان ھۈنەر بىلىندى. بولۇپمۇ مەندەك تۈزۈك ئۆمىدچى يوق ئادەم ئۈچۈن... ھى- ھى- ھى... دېگەنىبىلەن ئۆزۈممۇ يامان ئېمە. جاھان ئوڭشالغاندىن كېيىن باشقىلاردەك گاڭگىراپ يۈرمەي سەزگۈرلۈك بىلەن ئىش قىلىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋىدىم، غوللۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى ھوقۇقمۇ تېگىپ قالار، دەپ لېۋىمنى چىشلەپ جاپا چېكىۋىدىم، مانا مۇدىر بولۇپ گىدىيىپ يۈرىمەن، تېخى شان - شەرەپلەرچۇ... مانا مۇشۇ قېتىممۇ ئىلھامىنى مەكتەپكە ئەكېلىۋالمىغان بولسام بۇ شان - شەرەپلەر نەدىدى ماڭا؟ شۇ چاغدا ھەقىقەتەن سەزگۈرلۈك قىلدىم، يىراقنى ئويلىدىم. مانا ئەمدى ... باركاللا ساڭا ئوسمان! ئۆمرۈمدە ئەمدى مۇنداق توغرا پىلان تۈزەلمەسمەن. ئىلھامنى مەكتەپكە ئەكەلدىم، ئىتتىپاق ئەزاسى قىلدىم، ماتېرىيالىنى يوللىدىم... شۇنچىلىكلا بەدەلگە ئەمدى ئايروپىلاندا ئۇچىمەن. يەنە مېنى قانداق شەرەپلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ يولۇم ئوچۇق بولغاي...»

ئەپسۇس، بەك ئەپسۇس! يۇقىرىقىلار ئوسمان مۇدىر-

نىڭ سەپەرگە ماڭىدىغان ئاخشىمى ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلە-
نىپ قىلغان خىيالى.

## 14. ئۇ كۆل بويىغا يەنە كەلدى

ئىلھام ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، پۇرسەت دېگەن يەنە كېلىدۇ. ھەممىمىزگە ئايان، مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەك تىرىشتىڭ. مۇشۇ تىرىشچانلىقىڭ بىلەن ئۆگەنسەڭ كېلەر يىلى ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسەن.

ئوسمان مۇدىرنىڭ تەلەپپۇزىدىن پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ئىلھامغا بولسا بۇ گەپلەر مۇز سېلىنغان ئېغىزدىن چىققاندەك سوغۇق تۇيۇلدى. قېنى ھېلىقى قىزغىنلىقلار، قېنى ھېلىقى كۆيۈمچانلىقلار؟!

بۇ شان ـ شەرەپلەر بېسىلىپ ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ تاللاش ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان كۈنلەر ئى-
دى. مەكتەپتىن سەككىز ئوقۇغۇچى تاللانغان، ئىلھام قېپ-
قالغانىدى. تاللاش ئىمتىھانىدىن قېلىش — دۆلەت ئىمتىھا-
نىغا قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق دېگەن گەپ.

ئىلھام ئۆيىگە بارغۇچە يىغىدىن توختىيالمىدى. نېمە ئىش بولىغانلىقىنىمۇ ئابىلا ئاكىغا يىغا بىلەن ئاران ئۇقتۇردى.

كۈچلۈك ئىشەنچ، پەخىر ۋە يەنە شۇ گۈزەل ئارزۇلار بىلەن تاتلىق ھېس ـ تۇيغۇلاردا يۇرگەن ئابلا ئاكا بۇ گەپتىن چۆچۈپ ھېچنېمىگە قارىماي يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاپتى.

ئوسمان مۇدىرنىڭ ئۆزۈن مەزگىللىك نىشانلىرىنىڭ

يەنە بىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئابلا ئاكا يېتىپ كەلگەندە ئۇ يېزىدىكى ھەرقايسى مەكتەپ مۇدىرلىرىغا يىغىن ئېچىۋاتات-تى. يىغىن تۈگىگۈچە ئەندىشىلىك خىيال ئىچىدە ئابلا ئاكا تولىمۇ تاقەتسىزلەندى.

— ئىش شۇ ئاكا،— دېدى ئوسمان مۇدىر ئىلھامنىڭ تاللاش ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى تىلغا ئې-لىپ،— ئىلھامنىڭ نومۇرى تۆۋەن، قالغان گەپنى سىلى چۈشىنىلا...

— ئەجەبا، ئىلھامنىڭ شۇنچە تەقدىرلەنگەنلىرى ھېسابقا ئېلىنمامدۇ؟ — ئابلا ئاكا قىزىشقانىدى.

— بۇنداق دېسىلە بولمايدۇ،— دېدى ئوسمان مۇدىر خۇرسىنغاندەك ۋە بىزار بولغاندەك،— ئۇ ئىشنى ئوقۇتۇش-قا، بولۇپمۇ ئىمتىھانغا ئارىلاشتۇرۇۋالساق بولمايدۇ. شۇ تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ تاللاشتىن ئۆتكەن بىر بالىنى قال-دۇرۇپ ئىلھامنى بەلگىلەپ قويساق پىكىر چىقمامدۇ؟ ئۇ پىكىر ئەلۋەتتە يوللۇق. شۇ چاغدا ھەممىمىزگە سەت، مەس-ئۇلىيەتمۇ ماڭا ئارتىلىدۇ.

— ئەينى ۋاقىتلاردىكى «نۇرغۇن ئىشلاردا ئېتىبار قىلىمىز» دېگەن كاتتا گېپىڭلار قېنى؟ — ئابلا ئاكا ئاچچىقلاندى.

— مېنىڭلا گېپىم ھېسابقا ئېلىنسا مەيلىغۇ، — ئوسمان مۇدىرمۇ قاپىقىنى تۈردى، — ياخشىسى، ئىلھام يەنە بىر يىل ئوقۇسۇن.

— زادىلا باشقا ئامال يوقمۇ؟ — ئابلا ئاكىنىڭ ئىچى

ئۆرتەندى، ئەلەمدىن گېلىگە يىغا قاپلاشتى.
ئەمما بۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا، غۇرۇرلۇق دېھقان ئوسمان مۇدىرنىڭ يەنە بىر قېتىم يۈزسىزلىك قىلىپ نومۇر جەھەتتە تاللاش سانىنىڭ سەككىزىنچىسىدە تەڭلىشىپ قالغان ئىلھام بىلەن ئەلى ھەققىدە ئىچكى جەھەتتىن ئىشنى ئوڭشاپ ئەلىنى تاللاپ، ئىلھامنىڭ نومۇرىنى قەستەن تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكىنى قەتئىي ئۇقمايتتى.
ئوسمان مۇدىر مەنسىتمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ تاماكىسىغا ئوت ياققىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابلا ئاكا ئوسماننىڭ قانداق قىلىپ مۇئەللىم بولۇۋالغانلىقىنى غەزەپ بىلەن يادىغا كەلتۈرۈپ پىغانى ئۆرلىدى...
ئابلا ئاكا ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە ئىلھام مۈكچىيىپ سولغۇن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ئابلا ئاكا ئىلھامنى چەكسىز ئاتىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى:
— ئەتىدىن باشلاپ قويۇڭنى باق، ئوغلۇم...
ئەتىسى سەھەردە ئىلھام ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۇنگەن كۆل تەرەپكە قويلىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە ناھايىتى ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت، تۆكۈلۈپ بولمىغان پىغانلىق ياش، بوغۇلغان ئارزۇ بار ئىدى.
ئۇ ئۆزىگە خۇددى چۈشتەكلا بىر ئىشلارنى كۆرسەتكەن كۆل بويىغا كەلدى.
كۆل سۈيى بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتكەنىدى.

# خاتىمە

ئۇ شۇندىن كېيىن قوي باقتى ۋە كىچىكلا تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ قوي سودىسىغا ياردەملەشتى. بۇ سودىغا كۆزى پىشقاندىن كېيىن سودىنى مۇستەقىل قولىغا ئالدى. دەسما-يىسى كۆپەيگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن يۇرتلار ئارا مال يۆتكەپ سودا دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇ جەرياندا تۇرپانلىق بىر تېرە سودىگىرىگە ئەگىشىپ يۇڭ - تېرە سودىسىغا كىرىشتى ۋە ئىچكىرىگە نەچچە قېتىم مال يۆتكەپ قولى خېلى كۆپ پۇل كۆردى، ئەقىلگىمۇ، ساۋاققىد-مۇ ئېرىشتى. ئاتا - ئانىسى توگەپ كەتكەندىن كې-يىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە ئۇكىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇكىسىنى بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى ھەمدە دوك-تورلۇقتا ئوقۇشى ئۇچۇن چەت ئەلگە ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ سودىسىنى راۋاجلاندۇردى. گەرچە يۇرتى-دىكى ئۆزگىرىشلەرنى پۇرسىتى كەلگەنلەردە ئاڭلاپ، يىلدا بىر ئالدىراپ - تېنەپ كەلگەنلىرىدە ئانچە - مۇنچە كۆ-رۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىدەك تەپسىلىي كۆرۈپ باقمىغانىدى...

«نېمىشقا ئاشۇنداق ئىشلار بولىدۇ؟ كىشىلەر نېمىشقا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ خۇشال يۈرىدۇ؟» ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كۆزى ۋە سەبىي قەلبى ياشقا تولغان ھالدا

چىقىۋاتقاندىلا پەيدا بولغان بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ئۇنى جاۋاب تېپىشقا ئۈندەپ ئۆز-ئۆزىگە قىيىنىغان. خەيرىيەت، كېيىنكى ئىشلار ۋە ئەقىللەر ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىپ بەردى. ھەي، ئىنسان ھاياتىدا نېمىشقا نۇرغۇن ئىشلارغا كېچىكىپ جاۋاب تېپىلىدىغاندۇ؟

خىيالدىن قايتقان ئىلھام ئەپەندى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ: «بىنانىڭ تېمىنى قايتا ئاقلىسا بولغۇدەك، بۇنىمۇ دەرھاللا ئورۇنلاشتۇراي» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمما بىنانىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان كىشىنى ئۆزىگە زەن سېلىپ قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويىدى ۋە يولىغا ماڭدى. ئەمما بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ قويۇپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. كونىرىغان كاستۇم - بۇرۇلكىنى تۈگمىلىرىنى چىڭ ئېتىپ كىيىپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ روھسىز ھالەتتە تۇرغان ئۇ كىشى ياقۇپ مۇئەللىم ئىدى!

ئىلھام ئەپەندى تېزلىك بىلەن ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ياقۇپ مۇئەللىم» دېگىنىچە ئۇ كىشىنى چىڭ-ڭىدە قۇچاقلىدى. ياقۇپ مۇئەللىم ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئىلھام ئەپەندىنىڭ بولسا كۆزلىرىگە ياش كېلىپ، سۆزلىيەلمىدى. بىراق، مۇئەللىمنى ئۇزاقراق قۇچاقلاپ تۇرغۇسى كەلدى - دە، دەرھال:

— مۇئەللىم، بىر دەم تۇرۇپ تۇرسىلا، — دەپ شوپۇرى ئالدىراپ مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختىتىپ قويغان ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ شوپۇرنى چاقىر-

دى، ئاندىن بىر بالىدىن سورىدى:

— ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟

بالا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىلىمەن.

— ھېلىقى نەرسىلەرنى ۋە پۇلنى ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرىدى ئىلھام ئەپەندى.

ياقۇپ مۇئەللىم بىلەن ئىككىسى ئۈزۈملەرنىڭ يېنىغا باردى. شۇ يەردە ئىلھام ئەپەندى ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ چىقتى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇلا ئوكام، پېنسىيىگە چىقىدۇ-ۋالغاندىن كېيىن ئاغرىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن يىراقتا تۇرۇپ شادلىنىپ يۈرىمىز ئوكام. ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلە ئوكام. باشقىلاردىن ئاڭلاۋاتىمىز، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈڭدىن ئاڭلاي: نەلەردە، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ؟

ئىلھام ئەپەندى ئەھۋالىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— بىرەر يەردە ئوقۇمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ياقۇپ مۇئەل-لىم تۇزلۇك بىلەن. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يەنە شۇنداق كۆيۈنۈش-لۈك ۋە سەمىمىي ئىدى.

— ياق مۇئەللىم، ئوقۇيالمىدىم. لېكىن جەمئىيەت مېنى ئوقۇتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تەبىئىي ھالدا بىلىم تېپىشقا يۆتكەلدى.

— مۇئەللىم، مەن سودا جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىم-

كى، ماڭا ئوخشاش بىرەر ـ يېرىم ئوقۇمايمۇ پۇل، يول تاپقانلارنى كۆرۈپلا شېرىن خىياللارنىڭ كويىدا يۈرسەك بولمايدىكەن. يەنىلا بىلىم ئېلىش مۇھىمكەن. بىزنىڭ جاپالىرىمىزنى كىشىلەر بىلمەيدۇ، پۇل تاپقانلىقىمىزنىلا بىلىدۇ. ئەمما مەن ھەرقانچە كۆپ بىلىمنىڭمۇ ئىنسانغا ھەر ۋاقىت ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. مەن سودا جەريانىدا كۆپ قېتىم: «مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىمىم بىلەن مۇشۇنچە سودا قىلالىدىم، ناۋادا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ سودا قىلغان بولسامچۇ؟» دەپ ئويلاپ كەتتىم. بىلىم بولمىسا بولمايدىكەن مۇئەللىم.

ئىلھام ئەپەندى ئۆزۈندىن بۇيان ئويلىغانلىرىنى مۇئەللىمىگە كەڭ ـ كۇشادە ئېيتىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئادەمگە ئۆزۈن يىللاردىن كېيىن مۇئەللىمى بىلەن بىلىم ھەققىدە سىردىششمۇ نەقەدەر ھۇزۇرلۇق ـ ھە!

ياقۇپ مۇئەللىم ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن ئۇزاق قاراپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى:

— راست ئېيتتىڭ ئۇكام، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇزداق ئەقىلنى بېشىغا كەلگەندە ھېس قىلىپ يەتكۈچە، ئالدىنئالا ئويلاپ باققان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

ئۇلار ئىشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ قەلبى ھېلىھەم مەھكەم تۇتاش ئىدى. راست، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىلىم ئېلىش ئەڭ مەھكەم ئالتۇن زەنجىرغۇ!

2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇرپاندا يېزىلدى.
2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپاندا تۈزىتىلدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

童年问号多/吾买尔·阿布都拉著.—乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2006.4
ISBN978— 7—5371—5470—3

Ⅰ.童… Ⅱ.吾… Ⅲ.儿童文学—长篇小说—中国—
当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I287.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 026520 号

责任编辑：**再娜甫·穆沙**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**童年问号多**(维吾尔文)
(儿童长篇小说)
**吾买尔·阿布都拉** 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
787×1092 毫米 32 开本 5.875 印张
2006 年 4 月第 1 版 2009 年 2 月第 3 次印刷

---

ISBN978—7—5371—5470—3 定价：10.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# بالىلىقتا سوئال كۆپ



ISBN 978-7-5371-5470-3

9 787537 154703 >

باھاسى : 10.00 يۈەن